مۇھەممەت ئىمىن

# تۇرپان ۋاڭلىرى

«تۇرپان تارىخي ماتېرىياللىرى» مەخسۇس توپلام

2 ـ قىسىم

سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى
تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتى تۈزۈپ نەشر قىلدى
1997 ـ يىل 12 ـ ئاي


تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: ۋاڭ تيەنۋىن

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئارىز ھامۇت
لياڭ كەيتاۋ

باش مۇھەررىر: ۋاڭ تيەنۋىن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىر:


تەھرىرى ھەيئەت ئەزالىرى: ۋاڭ تيەنۋىن، ئارىز ھامۇت، لياڭ كەيتاۋ، ئابلەت رىقىپ، بەي لەنيۇ، رازاق تۆمۈر، ليۇ خۇڭلياڭ، مۇھەممەت شانىياز، مۇھەممەت ئىمىن



تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ يازلىق ئوردىسى



تۇرپان ۋاڭلىرى ئوردىسىنىڭ خارابىسى



ئىمىن ۋاڭ تەرىپىدىن سېلىنغان لۈكچۈندىكى
خانلىق مەدرىسى



تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى



ئىمىن ۋاڭ كېپىش بەگنى قەتلى قىلغان
سىركىپ بۇددا تورى

# كىرىش سۆز

## ۋاڭ تيەنۋېن

(سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)

«تۇرپان ۋاڭلىرى» ناملىق بۇ كىتاب، سىياسىي كېڭەش تۇرپان ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللىشى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قوللىشى بىلەن يولداش مۇھەممەت ئىمىنىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە نەشىردىن چىقىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ كىتابتا ئىمىن خوجا جەمەتى ئاساسلىق تونۇشتۇرۇلغان. ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن، گۇاجۇ (يۇمىن، ئەنشى ئەتراپى) تۇرپان ئويمانلىقى ۋە لىيۇ جۇڭچىڭ (هازىرقى پىچان ناهىيىسىنىڭ لۇكچۈن بازىرى) قاتارلىق جايلاردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئەسكىرىي كۆچنى روناق تاپقۇزۇپ، تۇپراقنى ئۆزگەرتىپ، سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان. ئۇ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار قوزغىغان ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش غەرىزىدىكى توپىلاڭلارنى تىنجىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەهكەملەش، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى قوغداش ئۈچۈن تۆهپە قوشقان.

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ

جەنۇبىي ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار توپلە-شىپ، ئولتۇراقلاشقان بۇ جاينى مۇسۇلمانلار يۇرتى، ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان پۇقرالىرى دەپ ئاتىدى، نۇرغۇن ۋاڭلار يۇرت سوردى. شۇ ۋەجىدىن، كىتابنىڭ ئىسمىمۇ «تۇرپان ۋاڭلىرى» دەپ ئاتالدى.

ئىمىن خوجا جەمەتى قەدىمىي داڭلىق شەھەر ليۇچۇڭ ( ھازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن) دا بارلىققا كەلگەن. ليۇچۇڭ شەھىرى قەدىمكى زاما-ندا ئىدىقۇت كونا شەھىرى بىلەن بىر قاتاردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى ئاساس قىلغان مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ غەربتە يۇمىندىن چىقىپ غەربىي دىيارغا كىرىشتىكى ئاساسلىق يول ئىدى. قەدىمكى لوچۇڭ شەھىرى-دىن ھازىرقى لۈكچۈن بازىرىغىچە، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي ئۆزگىرىش-لەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جاي ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى غەربىي دىيار مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان خاسىيەتلىك زېمىندۇر. بۇ غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تارىخىي كىتابلاردا يېزىلغان قەدى-مىي يېپەك يولى، بوز يەر ئاچقۇچىلاردىن قالغان قەلئەلەر، تۇيۇق بۇددا دىنى تاش غارى، ئەسھابۇلكەھىب مازىرى، ئىمىن ۋاڭ مۇنارى ۋە خىن، تاڭ دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى بەگلىكلەرنىڭ بۇ يەردىكى تۇرلۇك ھەربىي ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقلار-دۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلدىن كېيىنكى ھەر قايسى سۇلالىلارنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ئايرىلماس مۇناسىۋىتىنىمۇ بايان قىلىپ ئۆتكەن. خەنۋۇدى شىنجۇنىڭ 3 - يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 59 - يىلى) خەن سۇلالىسى ھون ھۆكۈمران كۇچلىرىنىڭ بارا - بارا ئاجىزلاشقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىك-كە كەلتۈرۈپ، بۇ جايدا ھىراۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلغان. يۇڭيەننىڭ 3 - يىلى (مىلادى 97 - يىلى) يىراقتىن تېنچلاندۇرغۇچى سانغۇن بەنچاۋ

غەربىي دىيارىدىكى 55 بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. بۇ بىزگە شىنجاڭنىڭ تارىختىن بۇيان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تۇرپان ۋاڭلىرى» ناملىق بۇ كىتابتا تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن پاكىتلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان بولۇپ، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن بىلەن قەلبىداش، تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. كىتابتا يەنە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، چېگرا رايوننى ئورتاق ئېچىش، ئورتاق گۈللەندۈرۈشتە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان تارىخىي شەخسلەر تونۇشتۇرۇلغان.

تارىخ ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەقەت ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولغاندىلا ئاندىن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ يەكۈنىدۇر.

# مۇندەرىجە

1 ـ باب: تۇرپان جۇڭۋاڭى ئىمىن خوجا ........ 1
1 ـ § ئىمىن خوجىنىڭ ۋاڭلىق مەنسىپىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى ........ 4
2 ـ § ئىمىن خوجا ھەققىدە تارىخى مەلۇمات ........ 9
3 ـ § ئىمىن خوجا ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش ئەھۋالى ........ 21
1 ـ گۇاجۇغا كۆچكەندىن كېيىنكى ئەھۋال ........ 26
2 ـ تۇرپانغا قايتىپ كېلىش ........ 34
3 ـ نوپۇسنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........ 37
4 ـ § ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ........ 40
1 ـ نۇرمۇھەممەت ........ 42
2 ـ سۇلايمان ........ 43
3 ـ غۇلامزاپ ........ 51
4 ـ ئىسرائىل ........ 52
5 ـ بەھرام ........ 53
6 ـ ئىسكەندەر ........ 53
7 ـ يۇنۇس ........ 57
8 ـ پەردۇن ........ 60

9 - مۇھەممەت سەئىد ........................ 61
10 - ئەفرىدۇن ........................ 61
11 - زوھرىدىن ........................ 63
12 - سۇلتان مامۇت ........................ 67
13 - ئىمىن ۋاڭ ........................ 85
14 - مەتسايىت ........................ 97
5 - § ۋاڭلارنىڭ بېيجىڭغا سالامغا بېرىشى ۋە ئەمەلناملىرى ........................ 99
1 - سەپەرگە چىقىش كۈنى ........................ 99
2 - تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ مەنسەپ دەرىجىلىرى ........................ 100
**2 - باب: ۋاڭلار دەۋرىدىكى خەلق سەنئىتى ........................ 103**
1 - § مىلىس ........................ 106
1 - مىلىسنىڭ يولغا قويۇلۇشى ........................ 107
2 - مىلىسنىڭ ئېيتىلىشى ........................ 108
2 - § قىيىت مەشرىپى ........................ 110
1 - قىيىت مەشرىپىنىڭ رولى ........................ 111
2 - قىيىن مەشرىپىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلۇشى ........................ 112
3 - قىيىت مەشرىپىنىڭ تەشكىل قىلىنىش شەرتلىرى ........................ 113
4 - قىيىت مەشرىپىنىڭ مۇكەممەللىكى ........................ 114
5 - قىيىت مەشرىپىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ........................ 115
6 - قىيىت مەشرىپىنىڭ قائىدە - يۇسۇن تەرتىپلىرى ........................ 116
7 - قىيىت مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان باشقا ئويۇنلار ۋە جازا... ........................ 120
3 - باب: مەدەنىي - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت...

123 ..........................................................
1 - § مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى نامايەندىلەر ................ 127
1 - ئەخمەت خوجامنىياز قىسسورى ................ 127
2 - خەلق سەنئەتكارى موللا زەيدىن ................ 130
3 - تارىخشۇناس موللا مۇھەممەت سېتىنىياز ................ 133
4 - خەلق شائىرى موللا روزىمەت ................ 135
5 - دىموكراتىك شائىر نەمەت خەلپەت ................ 136
6 - مەخسۇت مۇھىتى ................ 142
7 - مىللى تىئۇپ ناسىر بەگ ................ 152
8 - دىراماتوروگ خەمىت ھەكىمى ................ 155
قوشۇمچە: ۋاڭلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ................ 160
1 - مويدىن خەلپە يېغىلىقى ................ 160
2 - ئەمەت قوزغىلىڭى ................ 167

# 1 ـ باب تۇرپان جۇڭۋاڭى ئىمىن خوجا

چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى چيەنلوڭنىڭ 20ـ يىلى (مىلادى 1755 ـ يىلى) جۇڭغارلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن، غەربىي شىمال چېگرىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇسۇلمانلار رايونى (ھازىرقى جەنۇبى شىنجاڭ رايونى) دىكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇپ، غەربىي يۇرتتا بىر يۈرۈش ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە زور كۈچ چىقارغان قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا جاساق تۈزۈمىنى، جەنۇبى شىنجاڭدا بولسا ئەسلىدىكى بەگلىك تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

تۇرپان ھاكىمبېگى ئىمىن خوجا قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللادىن كېيىن ئىككىنچى بولۇپ چىڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن يەرلىك ھۆكۈمدار. 1732ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرپان رايونىدىن چېكىنگەندە، ئىمىن خوجا تۇرپان پۇقرالىرىدىن ئون مىڭغا يېقىن كىشىنى باشلاپ خېشى رايونىدىكى ئەنشىنغا كۆچۈپ كېتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خېشى رايونىدىكى قوشۇنلىرى ئاساسەن تۇرپاندىن كۆچۈپ بارغان مۇشۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تەشكىل قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ دەرىجىسى بويىچە ئېيتقاندا ئىمىن خوجا «گۇڭ» لىققا ئېرىشكەن تۇنجى يەرلىك ئاقسۆڭەك ئىدى. شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «جاساق فوگو گۇڭ» دىگەن نامنى بەرگەن ئىدى. چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويىدۇ؟ بۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تارىختىن ئازراق خەۋىرى بار كىشىلەر پادىشاھ چيەنلوڭنىڭ چوڭ ـ

لىرى ئۇرۇمچىدىن چىكىنىپ تۇرپان ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقاندا ئىمىن خوجا ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ياردەملىشىدۇ.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى چىڭ سۇلالىسى راسا قۇدرەت تاپقان دەۋر ئىدى. پادىشاھ چيەنلوڭ قوشۇن ئەۋەتىپ جوڭغار قەبىلىسىنىڭ سەردارى داۋاچىغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بەل باغلايدۇ. 1755 ـ يىلى تېخى خېشى رايونىنىڭ ئەنشى دېگەن جايىدا تۇرۇۋاتقان ئىمىن خوجا 300 دەك ئەسكىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىپ، ئىلى رايونىغىچە بارىدۇ. بۇ يۈرۈشتە ئىمىن خوجا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن مەرتىۋىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ «دۆلەتنى تېنچلاندۇرغۇچى گۇڭ» لۇققا ئۇستۇرۇلىدۇ.

چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تېنجىتىلغاندىن كېيىن، ئىمىن خوجا جۇنۋاڭلىققا ئۇستۇرۇلۇپ قەشقەر ۋە يەكەننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىپ، بۇ يەردە ئىش بېجىرىدۇ. 1763 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ.

ئىمىن خوجا ئۆمرىدە ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، پادىشاھ چيەنلوڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولغان. يەنى 1764 ـ يىلى 1 ـ قېتىم، 1767 ـ يىلى 2 ـ قېتىم بېيجىڭغا بارغان. 2 ـ قېتىم بېيجىڭغا بارغاندا، ئۇ بۇ يەردە بەش يىلغا يېقىن تۇرۇپ ئاندىن تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن.

ئىمىن خوجىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ تۆھپىسى شۇكى ئۇ، سېۋان ئارپىدان، داۋاچى، ئامورسانا، مەخلىك، بورھانىدىن، خوجا جاھان قاتارلىق كۆچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك خاراكتېردىكى ھەركەتلىرىگە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، چېگرا رايوننىڭ ئەمىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك خاراكتېردىكى توپىلاڭلىرىنى تېنچىتىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەنلىكى ئۈستىدە توختالغاندا، ھامان بۇ جەھەت-تىكى تۆھپىنى چېگرىنى تېنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋ خۇيىنىڭ نامىغا يازىدۇ. بۇنداق قىلىشقۇ توغرا، لېكىن بۇنداق بولغاندا تازا ئەتراپلىق بولمايدۇ. تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ئېمىن خوجىنىڭ شۇ قېتىمقى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنىمۇ يوققا چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئېمىن خوجا بۇ قېتىمقى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن-لىكى ئۈچۈن پادىشاھ چيەنلوڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك مەمۇرى ۋەزىپە ۋە پەخرى نام بەرگەن ھەم مەرتىۋىسى يىلمۇ - يىل ئۆستۈرۈلگەن شۇنداقلا سىزما سۈرىتى جۇڭنەنخەيدىكى بىنەپشە نۇر راۋىقىغا ئېسىلغان ئىدى. چيەنلوڭ خان ئۇنىڭغا «بىلگىنىنى ئېيتماي قالمايدۇ. ئېيتقانلىرىنىڭ نامۇۋاپىق يېرى يوق» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. ئېمىن خوجىمۇ چىڭ سۇلالىسىگە ھەمكارلى-شىپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش، غەربىي يۇرتنى گۈللەندۇرۇش يولىدا ئالاھىدە زور تۆھپە قوشقان ئىدى.

ئېمىن خوجىنىڭ ئاتىسى نىياز خوجا، تۇرپاننىڭ چوڭ ئاخۇنى بولۇپ، ئېمىن خوجا دەۋرىگە كەلگەندە ئۇ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن لۈكچۈنگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ چاغدا لۈكچۈن شەرقى موڭغۇلىستاننىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «تۈمەنچى» (تۈمەنبەگ) قويۇلغان بەگلىك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ جاي قارا خوجا، تۇرپان، چالىش (قارا شەھەر) قاتارلىق جايلارنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى.

1720 - يىلى چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاڭشى قوشۇن ئەۋەتىپ، جۇڭغارلارنىڭ سەردارى سىۋاڭ ئاربىتاننىڭ بۆلگۈنچىلىكىگە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قۇمۇلدىن يولغا چىقىپ، لۈكچۈنگە كەلگەن-دە ئېمىن خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭغارلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىدۇ. كېيىن چىڭ سۇلالىسى قوشۇن-

زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان سۆرۈن تەلەتلىك، ياۋۇز تەبىئەتلىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن خېلى بۇرۇنلا پۇقرالارنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن ئىدى.

ئىمىن خوجا تۇرپاندىكى ئەڭ چوڭ فېئودال، سوفى خوجىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، كىچىكىدىنلا تەۋسىلىق (سوپىلىق) تەربىيىسى ئېلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە بوۋىسىنىڭ ئىشانلىقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، نۇرغۇن مۇرۇت (سوفى) قوبۇل قىلغان.

1718 - ، 1719 - يىللىرى ئەخمەت باقى بەگ، ئىمىن خوجىنىڭ نۇرغۇن مۇرۇت قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۆزىگە نىسبەتەن تەھدىت دەپ بىلىپ، ئوردىدىكى يېقىنلىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئىمىن خوجىنى ئوردىغا چاقىرتىپ، قەتلى قىلماقچى بولىدۇ. ئىمىن خوجا ئوردىغا كىرىپ، ئەخمەت باقى بەگكە سالام بەرگەندە، بەگنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئۈچىنچى ئايالى ئىمىن خوجىغا تۇتقان بولغانلىقى ئۈچۈن قولىنى ئۆزىنىڭ بويىنىغا سۈركەش ئىشارىتى بىلەن، ئىمىن خوجىنىڭ قەتلى قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئەقىللىق ئىمىن خوجا ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى سېزىپ «مىنگەن ئېتىم بەك شاش ئىدى، جايلاشتۇرۇپ قويۇپ كىرگەن بولسام» دەپ ئىجازەت ئېلىپ، قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا لۈكچۈننىڭ غەربىدىكى پايانسىز يۇلغۇنلۇق ۋە قۇمۇشلۇق جاڭگال ئىچىگە پاناھلىنىپ، مۇرۇتلىرى بىلەن مەخپى ئالاقىلىشىپ، ئەخمەت باقى بەگدىن ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولۇپ، پۇرسەت كۈتىدۇ. ئەخمەت باقى بەگنىڭ چېرىكلىرى ئىمىن خوجىنى ئىزلەپ تاپالمايدۇ. ئارىدىن بىرەر يىلدەك ئۆتكەندىن كېيىن، ئەخمەت باقى بەگ بىخۇتلىشىپ قالىدۇ. ئىمىن خوجا مۇرۇتلىرى ئارقىلىق ئەخمەت باقى بەگنىڭ ئوۋغا چىقىپ كەتكەنلىك پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نەچچە يۈزلىگەن مۇرۇتلىرىنى باشلاپ بېرىپ، تۇيۇقسىز ئوردىنى ئىگىلەپ ھوقۇق تارتىۋالىدۇ. بۇ ئەھۋال تەخمىنەن 1719 - ، 1720 - يىللىرى بولغان بولۇپ، ئەخمەت باقى بەگ

# 1 - § ئىمىن خوجىنىڭ ۋاڭلىق مەنسىپىنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانى

ئىمىن خوجا (يەرلىك تىلدا ئىمىن تۆرە دەپ ئاتىلىدۇ) تۇرپان ئاستانىدىن بولۇپ، مىلادى 1694 - يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادى 1777 - يىلى ۋاپات بولغان. ئىمىن خوجا مىلادى 1767 - يىلى ۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، لۈكچۈندىكى 1572 - يىلى سېلىنغان ۋاڭلىق ئوردىسىدا تۇرغان. ئىمىن خوجا تارىختا داڭق چىقارغان ھەم ئۈستۈن مۇئاش، يۇقىرى مەرتىۋىدىن بەھرىمان بولغان ئايماق ۋاڭى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن 13 كىشى 6 ئەۋلات بولۇپ، 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، تۇرپان، پىچان، توقسۇن، ئۈچ ناھىيە، جەنۇبى ۋە شىمالى شىنجاڭدىكى ئوندىن ئارتۇق ۋىلايەت ۋە ناھىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ جەرياندا ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، سىرتقى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش، چېگرا رايونىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئىمىن خوجىنىڭ تۇرپاننىڭ بېگى ئەخمەت باقىنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئۆزى ئايماق ۋاڭى بولغانلىقى ھەققىدە مەن لۈكچۈن ۋە ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن تۆۋەندىكى پاكىتلارنى ئىگىلىدىم.

پىچاننىڭ لۈكچۈن دېگەن يېرىدە ئەخمەت باقى دېگەن كىشى پۈتۈن تۇرپانغا بەگ بولۇپ تۇرغان. ئۇ ئۆز ئوردىسىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن «ئاسماندا ئەۋلىيا، ئەنبىيالار قەسرى بولسا، يەردە مېنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالار سارىيىم بار» دەپ ماختانغان. ئەخمەت باقى بەگ مال - دۇنياغا تويمايدىغان، چىرايلىق ئاياللارنى كۆرسە ئاياق ئاستى قىلىدىغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە كارى بولماي، ئەكسىچە ئۇلارغا

ئۇقتۇرۇپتۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنىڭ ئىمىننى تۇتقىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ قاپتۇ - دە، چېرىكلەرنى مېھمان قىلىپ، ئوغلىنى دەرھال چىقىرىپ بەرمەپتۇ ۋە نىياز خوجا چېرىكلەر كەتكەندىن كېيىن ئوغلىغا: «يولدا ئالدىرىماي ماڭغىن، نامازشامغا ئۈلگۈرۈپ ئوردىغا كىرسەڭ بولىدۇ» دەپتۇ. ئىمىن خوجا يولدا ئالدىرىماي - تېنىمەي مېڭىپ، نامازشامدىن تارىغاندا ئوردا ئالدىغا كەپتۇ - دە، مىنگەن ئېتىنى ئوردا ئالدىغا باغلاپ قويۇپتۇ. ئىمىن خوجا ئوردىغا كىرگەندە، كېپىش بەگنىڭ ئىمىن بىلەن بىر مەھەللىلىك بولغان 3 - ئايالى بار ئىكەن. ئىمىن خوجا كېپىش بەگ بىلەن سالام سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، كېپىش بەگنىڭ ئايالى ئىمىن خوجىغا ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىپتۇ. ئىمىن خوجا چىرايىنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ «مىنگەن ئېتىم بەك شاش ئىدى، يېنىغا مېنىڭدىن باشقا ئادەمنى يولاتمايدۇ، ئوردا قوۋۇقىغا باغلاپ قويۇپتىمەن، ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قوياي» دەپ كېپىش بەگدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، ئوردىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە ئىمىن خوجا ئوردىدىن چىقماي، ئوردىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تامدىن سېيرىلىپ، ئوردىنىڭ كەينىدىكى مېۋىلىك باغقا چۈشۈپتۇ. كېپىش بەگ شۇنچە كۆپ ساقلىسىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ ئوردىغا كىرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممە جاينى ئاقتۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. چېرىكلەر ئوردا ئەتراپى ۋە باغنى ئاقتۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئىمىن خوجا بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان ئىكەن. چېرىكلەر باغنى ئاقتۇرۇپ ئۇنى تاپالماي كەتكەندىن كېيىن، ئىمىن خوجا باغنىڭ سۇغۇچى ئارقىلىق قېچىپ، ئۇدا ئۈچ كۈن ئوردا ئەتراپىدىكى زىرائەتلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، تۆتىنچى كۈنى ئاستانىدىكى ئائىلىسىگە قايتىپ كەپتۇ. ئەلپەتتاھ خوجامنىڭ سەپتەگۇرى نىياز خوجا ئوغلىنى يوشۇرۇۋېتىشنىڭ ئامالىنى قىلىپتۇ.

قۇتلۇق قاراخانىنىڭ قەبرە تۇلۇقىغا گەزماللار ئارتىلغان بولۇپ، نىياز

ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئوردىنىڭ ئىمىن خوجا تەرىپىدىن ئىشغال قىلىن-ۋېلىنغانلىقىنى ئۇقۇپ سىركىپ بودىدا مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ ۋە سىرتتىن ياردەم كۈتمەكچى بولىدۇ.

لېكىن ئەقىللىق ئىمىن خوجا، ئەخمەت باقى بەگنى ئۇنىڭ ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق ئالداپ، پەسكە چۈشۈرۈپ قەتلى قىلىدۇ.

بىز بۇ ھەقتە يەنە مۇنداقمۇ بىر پاكىتنى ئىگىلىدۇق. ئىمىن خوجىنىڭ ئاتىسى نىياز خوجا، ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىدىكى تەيزاڭ مۇنارىسى يېنىدىن ئۆتىدىغان، كونا يولنىڭ جەنۇبىدىكى ھويلىدا ئولتۇرۇش-لۇق ئىدى. قۇتلۇق قاراخان ۋاپات بولغاندا جەسىتى ئاستانىغا قويۇلۇپ، بۇ جاينىڭ نامى ئەلپاتتاھ خوجام دەپ ئاتالغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا نىياز خوجا مۇشۇ خوجامنىڭ سەپتەگۈرى بولغان.

ئىمىن خوجا 1694 ـ يىلى تۇغۇلغان. 1718ـ، 1719ـ يىللىرى لۈكچۈن ۋاڭى كېپىش بەگ (بەزى تارىخى ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسىم ـ فامىلىسى ئەخمەت باقى دېيىلگەن) چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە لۈكچۈندىكى يۇقرالار قوزغىلىپ ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈپتۇ. كېپىش بەگ ئوردا ئۆلىمال-رى ۋە مۇنەججىملىرىنى چاقىرتىپ چۈشىگە تەبىر ئېيتىپ بېرىشنى تاپىلاپتۇ. ئۆلىمالار، بەگلىككە قاراشلىق ئاھالىلەر ئىچىدىن، نام ئاتىقى بولغان كىشى-لەرنى تۇتقۇن قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ. نەتىجىدە، كېپىش بەگ پەرمان چۈشۈرۈپ بەگلىك تەۋەسىدىن 700 دەك ئادەمنى تۇتۇپ قاماپ قويۇپ-تۇ. كېپىش بەگ ئوردا مۆتىۋەرلىرىگە يەنە كىم قالدى؟ دەپ سوئال قويۇپتۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىمىن سوفى تۇتۇلماي قالدى، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىمىن سوفى دىن ئىلمىدە كامالەتكە يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى كېلىش-كەن، باتۇر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن.

كېپىش بەگ ئىشنى چىرايلىقچە تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىمىن خوجىنىڭ ئائىلىسىگە چېرىك ئەۋەتىپ ئۇنى كېپىش بەگنىڭ مېھمانغا چاقىرغانلىقىنى

كۆرسىتىپتۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئادەملىرى تۇر ئۈستىدە كېيىش بەگنى ئۆلتۈرۈپ، لۈكچۈن بەگلىكىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋاپتۇ. بۇ تارىخىي رېئاللىق-نى رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: بىز كىچىك چاغلاردا سىركىپ تۇر ئۈستىگە چىققاندا بۇ يەردىكى ئوقۇمۇشلۇق پىشقەدەملەر تۇر ئۈستىدىكى قارىيىپ كەتكەن جاينى كۆرسىتىپ، مانا بۇ كېيىش بەگنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جايى دېگەن ئىدى.

ئىمىن خوجا لۈكچۈنگە بەگ بولغاندىن كېيىن، كېيىش بەگنىڭ 3 - ئايالىنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋاپتۇ. بەگلىكنى تارتىۋېلىشتا خىزمەت كۆرسەت-كەن يېڭى تۇر مەھەللىسىدىكى 30 ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسلىدە ئەلىپەتتاھ خوجامنىڭ ۋەخپە يېرىنى سۇغۇرۇشقا ئاجرىتىلغان بىر توما سۇنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى توما ئورنىتىپتۇ. بۇنىڭ بىر توما سۇيىنى ئەلىپەتتاھ خوجامنىڭ ۋەخپە يېرىگە، يەنە بىر توما سۇيىنى يېڭى تۇر مەھەللى-سىگە ئاجرىتىپ بېرىپتۇ.

## 2 - § ئىمىن خوجا ھەققىدە تارىخى مەلۇمات

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بىر قىسىم تارىخى خاتىرىلەردە ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ھەققىدە تارىخى خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

«مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمى تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا «ئىمىن خوجا تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى سوفى خوجا قارغوجا دېگەن جاينىڭ ئاخۇنى، ئاتىسى نىيازمۇ تۇرپاننىڭ چوڭ ئاخۇنى ئىدى. ئىمىن خوجا جەمەتىدىكىلەر لۈكچۈندە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. كاڭشىنىڭ 59 - يىلى بۈيۈك ئارمىيە (چىڭ ئارمىيىسىنى دېمەكچى - ئا) تۇرپاندىن ھال سورىغاندا، ئىمىن

خوجا ئوغلىنى ئەنە شۇ گەزماللار ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە ئىمىن خوجىنى ئوردا چېرىكلىرىنىڭ تۇتالمايۋاتـ قانلىقىنى بىلگەن يېڭى تۇر مەھەللىسىدىكى بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا «ئىمىن سەن قېچىپلا يۈرەمسەن؟ ئادەم توپلاپ، بىر نەرسە قىلىشۇەتسەڭ بولمامدۇ» دەپتۇ. بۇ گەپتىن روھلانغان ئىمىن خوجا يېڭى تۇر مەھەللىسىدىن (ھازىرقى تۇرپان شەھەر ئاستانە يېزا 3 ـ كەنت) 30 ئادەم يىغىپتۇ. بۇ تارىختا «30 تازلار» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن نىياز خوجا ئەلىپپەتتاھ خوجام ئىچىگە، ھېلىقى 30 ئادەمنى يىغىپ، بارماقلىرىنى قىزدۇرۇپ، يوتىلىرىغا باستۇرۇپ قەسەم قىلدۇرۇپتۇ. نىياز خوجا كېپىش بەگنى ئاغدۇ. رۇۋېتىش ئۈچۈن، ئىمىن خوجىلارنى كېپىش بەگ ئىشكارغا چىقىپ كەتكەن. دىن كېيىن، ئوردىغا بېسىپ كىرىش؛ ھەم كېپىش بەگ قاماپ قويغان 700 ئادەمنى قويۇۋېتىش، كېپىش بەگ ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە، بىر نەچچە كۈن ئوردىدا جىم تۇرىۋېلىپ، ئەھۋالنى كۆزىتىش، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدىغانلار ئازايغاندا، ئوردىدىن چىقىپ قوغلاپ، زەربە بېرىپ، كېپىش بەگنى ئۆلتۈرۈ. ۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ھەم مەھەللىدىن ياخشى ئات ۋە قورال جابدۇقلار. نى ئۇلارغا سەپلەپ بېرىپتۇ. نەتىجىدە، ئاستانە يېڭى تۇر مەھەللىسىدىن لۈكچۈنگە ھۇجۇم قىلغان 30 كىشى ئانچە تۇسالغۇسىزلا ئوردىنى ئىگىلەپتۇ. كېپىش بەگ شىكاردىن قايتىپ كېلىپ، ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قولىدىن كەتكەنلە. گىنى بىلىپ، ئۈچ ـ تۆت كۈنگىچە ئېلىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىلەر ئازىيىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە شىكارغا بىللە ئېلىپ چىققان 15 لەشكەردىن 5 لەشكەر قېچىپ كېتىپ، 10 لەشكەرلا قالغان ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن ئىمىن خوجا ناغرا ـ سۇناي چالدۇرۇپ، ئوردا ئىچىدىكى بىر نەچچە يۈز كىشى بىلەن چىقىپ كېپىش بەگكە ھۇجۇم قىپتۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئادەملىرى كېپىش بەگ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى سىركىپكىچە قوغلاپ بارغاندا، كېپىش بەگ سىركىپ بۇددا تۇرىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، قارشىلىق

ئۆتۈپ، شىنجاڭغا كېلىشتە چېرىكلەرنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ، ئات - ئۇلاغلارنى بېقىش ناھايىتى قول تۇتىدىغان قىيىن مەسىلە ئىدى. تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ياخشى، تۇپرىقى مۇنبەت، ئىمىن خوجا ئۆزىگە تەۋە ئاھالىلەرنى تەشكىللەپ، بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق توپلاپ پۈتۈن كۈچ بىلەن خىزمەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ئاشلىق، ئوت، سامان مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، پادىشاھ يۇڭجېڭ ئىمىن خوجىنى 20 تۇپ گەزمال بىلەن مۇكاپاتلىدى ھەمدە قول ئاستىدىكى ئاھالىلارغا 2000 سەر كۈمۈچ ئىنئام قىلدى» دەپ خاتىرلەنگەن. يۇقىرقى كىتابنىڭ «ئىمىن خوجىنىڭ تەرجىمھالى» بابىدا مۇنداق خاتىرلەنگەن: «يۇڭجېڭنىڭ 8 - يىلى مىلادى 1730- يىلى ئىمىن خوجا بوز يەر ئېچىپ، تىرىشىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، كۈمۈش پۇل ئىنئام قىلىندى. يۇڭجېڭنىڭ 9- يىلى (مىلادى 1731 - يىلى) جۇڭغارلار لۈكچۈن ۋە قاراغوجىغا ھۇجۇم قىلغاندا ئىمىن خوجا لۈكچۈن قەلئەسى ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلارغا زەربە بېرىپ چېكىندۈردى» «شىنجاڭ ئىجتىمائى تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 18 - بەت «جۇڭغارلارنى تېنجىتىش تەدبىرلىرى (بىرىنچى جىلد 23-، 24- بەتلىرى)» دە قالدۇرۇلغان خاتىرىلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يىراقتىن تېنچىلاندۇرغۇچى سانغۇن يۆ جۇڭچى مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ. دۈشمەنلەر لۈكچۈننى 40 نەچچە كۈن قورشىۋالغاندا، خەنزۇ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، شەھەرنى قوغدىدى. دۈشمەنلەردىن 200 دىن ئارتۇغراقىنى يوقاتتى. . دۈشمەنلەر لۈكچۈننى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، يېقىن ئەتراپتىكى قاراغوجا قەلئەسىنى قورشىۋالدى. 300 دىن ئارتۇق شوتا ياساپ قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. ئۇيغۇر ئاھالىلىرى دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى يوقاتتى. دۈشمەنلەر بۈيۈك ئارمىيىنىڭ ياردەمگە كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى. بۈيۈك ئارمىيىنىڭ باش ئەمەلدارى جاڭ يەنزۇ قاتارلىقلار لۈكچۈنگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى

خوجا لۈكچۈندە تەسلىم بولغان ئىدى. بۈيۈك ئارمىيە تۇرپاندىن قايتىپ كەتكەندە، جۇڭغارلار ئۇلارنى قارا شەھەرگە كۆچۈپ كېتىشكە قىستىغاندا ئۇيغۇرلار ئۇنىماي رەت قىلىپ، ئىچكى زېمىنغا قوشۇلماقچى بولدى. ھەمدە چىڭ ھۆكۈمىتىدىن ئەسكەر ئەۋەتىپ ھەمدەم بولۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتكەن ئىدى.» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇڭجېڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1726 - يىلى) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى توختى مامۇت ئۇيغۇرلاردىن 600 دەك كىشىنى باشلاپ ئىچكى زېمىنغا كۆچۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا لۈكچۈندىكى 10 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسى كۆچۈپ كېتىشنى خالىماي تۇرىۋالىدۇ. ئۇلار ئىمىن خوجىنىڭ تەۋەلىكىدىكى ئاھالىلار (پۇقرالار) ئىدى. «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمى تەزكىرىسى» نىڭ يەنە بىر يېرىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن. «كاڭشى 18 - يىلى ئىمىن خوجا پىچاننىڭ ھاكىم بېگى ئىدى. جۇڭغارلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا چىداپ تۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، تەسلىم بولۇپ، ئىچكىرى (چىڭ ھۆكۈمىتى - ئا) گە قارام بولدى»، «چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» دىكى كاڭشى يىلنامىسى 58 - يىلى 8 - ئاي جيازى ماددىسىدا مۇنۇلار يېزىلغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى 300 ئادەم بىلەن تەسلىم بولدى» يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە تارىخىي ماتېرىيالدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار بىردەك بولۇپ، ئىمىن خوجا جۇڭغارلار تۇرپانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش مەيدانىدا تۇرغان. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي تارىخ تەتقىقاتى» نىڭ 24 - بېتىدە مۇنۇلار خاتىرىلەنگەن: «1720 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى تۇرپانغا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا، ئىمىن خوجىنىڭ ئىككى ئاكىسى لۈكچۈندە، ئىچكى ئۆلكىگە قارام بولدى»، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە، «ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىگە قارام بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى چىڭ سۇلالىسىگە چەمبەرچەس باغلىدى. چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى شۇنچە ئۇزۇن يىل يۇرۇپ، يۇمىندىن

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا گۇاجۇغا كۆچۈپ 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1755 - يىلى يەنە ئىمىن خوجا باشچىلىقىدا لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى يەنە تۇرپاننىڭ تارخان بېگى مەخلۇك مىڭ ئائىلىنى باشلاپ، چىڭ سۇلالىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجا بىلەن تارخان بەگ مەخلۇككە تۇرپاننى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تۇرپاننىڭ شەرقى چېگرا قىلىنىپ، پىچاندىن قاراغوجىغىچە ئىمىن خوجا باشقۇرىدىغان، توقسۇن ئىلانلىقتىن ئاستانىغىچە مەخلۇك باشقۇرىدىغان بولىدۇ.

1756 - يىلى تارخان بەگ مەخلۇك، توپىلاڭ كۆتىرىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇڭغۇل ئاقساقىلىغا قارام بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ھەم ئىمىن خوجىغا تەھدىت سېلىپ، توپىلاڭغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، ئىمىن خوجا ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ھەم مەخلۇكنىڭ توپىلاڭ كۆتىرىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى چىڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىدۇ. ئىمىن خوجا لۈكچۈندە تۇرۇپ، ئوغلى سۇلايماننى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئەسكىري جەھەتتىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىمىن خوجا بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئوغلى بىلەن بىللە مەيدانى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇنىڭ تۆھپىسىگە ئاساسەن چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىنى بەيسىلىككە، ئوغلى سۇلايماننى گۇڭلۇق دەرىجىسىگە ئۆستۇرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى لۈكچۈنگە بىر نۆۋەت ئەسكەر ئەۋەتىپ، يېڭىلىپ قالىدۇ. ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭىلىپ قالغان ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە قۇمۇلغا قايتىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى قېتىم بوكوي سانغۇن باشچىلىقىدىكى مىڭدەك ئەسكەر لۈكچۈنگە قاراپ كېتىۋاتقاندا، چىڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان تارخان بەگ مەخلۇك قاتارلىق 12 كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بوكوي سانغۇن، تارخان بەگ مەخلۇك قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئىمىن خوجا پۈتكۈل تۇرپان ئۇيمانلى-

ئىمىن خوجا ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ، قەلئە سىرتىغا چىقىپ قارشى ئېلىشىپ تەنتە قىلىشتى.»

پادىشاھ يۇگچېڭ، ئىمىن خوجىنىڭ سەمىمىي، سادىق ۋە باتۇرلىقىنى ماختاپ، «ئىمىن خوجا ۋە ئۇيغۇر ئاھالىلىرى چىن كۆڭلىدىن سۇلالىمىزگە قارايدىغان بولدى. ئۇلار دۈشمەنگە قارشى جەڭدە باتۇرلۇق، تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئالدىنقى يىلى ئۈچ قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بىلەن ھەربىيلەر تەڭ كۈچ چىقىرىپ، قارشىلىق كۆرسەتتى. يۇتكۇل قەلئەنى تولۇق ساقلىغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ (دۈشمەننىڭ) بىدەخەست تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قايتۇرما زەربە بەردى. بىر قانچە قېتىم قېلىچۋازلىق قىلىپ، قوچاغلاشما جەڭ قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق باتۇرلۇق روھىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ①» دېگەن.

پادىشاھ يۇگچېڭ، «تۇرپان ئاھالىلىرى بىر نەچچە نۆۋەت دۈشمەنگە زەربە بەردى. ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ راسا غەزىپىنى كەلتۈردى. بۇنىڭدىن كېيىن، دۈشمەنلەرنىڭ تۇرپانغا پاراكەندىچىلىك سېلىش مۇمكىنچىلىكى بار» دەپ قاراپ، ئىمىن خوجىغا تەۋە بولغان بىر تۇمەنگە يېقىن ئاھالىنى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ گۇاجۇ ناھىيىگە كۆچۈرمەكچى بولىدۇ. 1732 ـ يىلى ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ شەرقىقە كۆچۈش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ۋە 17 ـ كۈنلىرى لۈكچۈن، سىركىپ، قاراغوجا، مۇرتۇق، سۇ بېشى، لەمجىن، كىچىك ئاستانە، پىچان، شۆگە، ياڭخې، تۇيۇق، تۇرپان، ئاستانە، خاندۇ قاتارلىق جايلاردىكى 8000 غا يېقىن ئاھالىنى باشلاپ، يولغا چىقىدۇ. قىش پەسلى يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، قۇمۇلنىڭ تاشمىلىق دېگەن يېرىدە قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئىككىنچى يىلى باھاردا گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى ئەنشىنىڭ گۇاجۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ ماكانلىشىدۇ. (بۇ ھەقتە ئىمىن خوجا ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈشى دېگەن قىسمىدا تۇقتىلىق توختىلىمەن).

1700 ـ يىلى جوڭغارلار ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان ئەخمەتنى تۇتۇپ، ئىلىغا ئاپىرىپ، نەزەربەنت ئاستىغا ئالىدۇ. ئەخمەت ئىلىدا ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى بۇرھانىدىن (چوڭ خوجا) كىچىكىنىڭ ئىسمى خوجا جاھان (كىچىك خوجا) ئىدى. لېكىن جوڭغارلار بۇلارغىمۇ ئەركىنلىك بەرمەيدۇ. ئەخمەت ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ دادىسىغا ئوخشاش تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. 1754ـ يىلى (چيەنلۇڭ 19ـ يىلى) جوڭغارلارنىڭ باشلىقى داۋاچ بىلەن ئامۇرسانا ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرشى يۈز بېرىدۇ، بۇ جىددى كۆرەشتە ئامۇرسانا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇزۇندىن بۇيان تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كويىدا بولۇپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇشۇ پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جوڭغارلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. 1755ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئىككى يۆلۈنۈش بويىچە لەشكەر تارتىپ، شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ئازغىنا چېرىكلىرى بىلەن داۋاچ چېرىكلىرىنى گېرىن تېغىدا پۇتۇنلەي يوقىتىدۇ. داۋاچ ئۇچتۇرپانغا قېچىپ بېرىپ ئەسىرگە چۈشىدۇ. چىڭ سۇلالىسى داۋاچ ئۈستىدىن غەلبە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇچتۇرپاننىڭ مۆتىۋەرى خوجاسى بەگ بىلەن ئاقسۇنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇل ۋاھاپ بەگنىڭ تەلىپى بويىچە، بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىنى تۇتقۇنلۇقتىن ئازات قىلىدۇ. ھەمدە بۇ ئىككى خوجىنىڭ تۆرە بولۇپ، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ھۆكۈمران بولۇشىغا ماقۇل بولىدۇ[2]. لېكىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تاپشۇرۇشقا تىگىشلىك ئولپانلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ تاپشۇرۇشقا پەرمان بېرىش» نى شەرت قىلىپ تۇرىۋالىدۇ[3]. روشەنكى، چىڭ ئوردىسى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ شەرت بۇرھانىدىن خوجا بىلەن خوجا جاھان خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇشى لازىم ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ چىڭ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

قىنىڭ بىردىن بىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ.

ئويرات مۇتەغەللىرىنىڭ كاتتىبېشى سالاش، ماخوس قاتارلىقلار 1757 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تۇرپان بىلەن جەنۇبى شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئالغۇيىدىكى ئىككى خەۋەرلىشىش پونكىتىدىكى ئالتە نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. پادىشاھ چىيەنلۇڭ خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىنى چارلاشقا مەسئۇل بولغان ئەمەلدار مەن فۇنىڭ قوغلاپ يۇرۇپ، زەربە بېرىشى كۈچلۈك بولمىغانلىقىدىن، خەۋەر تېپىپ، ئىمىن خوجىغا تىڭ ـ تىڭچىلارنى ۋە ئەسكەر چىقىرىپ چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، توپىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. ئىمىن خوجا دەرھال تىڭ ـ تىڭچىلار- نى ئەۋەتىدۇ ۋە ئۆزى توقسۇندا تۇرۇپ، ئەسكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ. پادىشاھ چىيەنلۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، ئىمىن خوجىنى ئىش بېجىرىشتە كەسكىن ئىكەن دەپ ماختاپ تۆت توپ مەخمەل بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. مەن فو لەشكەر باشلاپ، يۇلتۇزغا كەلگەندە سالاس بىلەن ماخوس 6 ـ نومۇرلۇق خەۋەرلىشىش پونكىتىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، قېچىپ كېتىدۇ، پادىشاھ چىيەنلۇڭ باركولنىڭ خان ئامبىلى ۋە ئىمىن خوجىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئىككىسىنىڭ تەڭ لەشكەر چىقىرىپ، مەن فوغا ماسلىشىپ، توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بېرىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

توپىلاڭچىلارنى قوغلاپ تۇتۇش ناھايىتى جاپالىق بولىدۇ. سالاس بىلەن ماخوس يەر شارائىتىنى ناھايىتى پىششىق بىلگەچكە ئۇلارغا زەربە بېرىش ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىمىن خوجا ئون سەككىز ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، سالاس بىلەن ماخوسنى تۇتۇش ئۈچۈن 4 ئاي سەرتىپ قىلىپ، تاغ ـ دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، چۆل جەزىرىلەردە چۈشكۈن قىلىپ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىدۇ. ئۇلار گەرچە توپىلاڭچىلارنى يوقىتالمىغان بولسىمۇ، ئالاقىلىشىش پونكىتلىرىنى كۈچلۈك مۇھاپىزەت قىلىدۇ.

خوجا جاھانلار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، تېنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى⑤. شۇڭا، خوجا جاھان ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن زاڭگى ئامىنداۋنى يۈزدىن ئارتۇق چىرىكنى باشلاپ ئاسىيلارنى «ئەل قىلىپ كېلىشكە» ۋە ئەھۋالنى بىلىپ بېقىشقا ئەۋەتىدۇ. خوجا جاھان ئامىنداۋ بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. تېنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئۈمىد يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەن گاۋ زۇڭ خان جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ ئىشنى ھەربىي يول بىلەن ھەل قىلىش قارارىغا كېلىدۇ.

خوجا جاھان جۇڭغارلارنىڭ ئويران قەبىلىسى ۋە ئەنجان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردىكى فېئوداللار بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇقلايدۇ، 1758- يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى) نىڭ باشلىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئارخاشاننى ئاسىيلارنى تېنجىتىش سانغۇنى ئىمىن خوجىنى مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن تۇرپاندىن يولغا چىقىپ، ئاسىيلارنى (چوڭ - كىچىك خوجىلارنى) تېنجىتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرىدۇ.

ئىمىن خوجا ئارخاشان بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىدۇ، ھەم ئۇيغۇرلاردىن يول باشلىغۇچى ئەۋەتىدۇ. ئىمىن خوجا يەنە ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ خەرىتىسىنى سىزدۇرۇپ، پادشاھ چيەنلۇڭنىڭ قارار چىقىرىشىدا پايدىلىنىش ئۈچۈن سۇنىدۇ. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن پادشاھ چيەنلۇڭ «ئاڭلىشىمچە ئىمىن خوجا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان ئاتاقلىق ئادەم ئىكەن. بۇگۈنكى كۈندە مېنىڭ ھىممىتىمدىن كۆپرەك بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. مۇبادا ئۇلارنى مېنىڭ پەرمانىمغا بويسۇندىغان قىلالىسا خۇددى ئۆز ئادىمىمدەك كۆرۈپ ئىشقا قويغان بولاتتىم. كېلەر يىلى يەركەن، قەشقەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. گەرچە سانغۇن ۋەزىر

بۇرھاندىن خوجا چىڭ ئوردىسىنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىپ، مۇھىم ۋەزىپىگە قويغانلىقىغا دەسلەپتە مىننەتدار بولىدۇ. ئۇ راستىنلا مىڭدەك لەشكەرنى باشلاپ، جەنۇبى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ئاۋۋال قارا تاغلىقلار ئىگىلەپ ياتقان ئۇچتۇرپاننى پەتھ قىلىدۇ. ئارقىدىن ئۇيەنە قەشقەرنىمۇ ئىشغال قىلىدۇ.

بۇرھاندىن خوجا قەشقەردە لەشكەرلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن قارا تاغلىقلارنىڭ ئاخىرقى قورغانى يەركەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. يەركەننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالى ھۆكۈمرانى، قارا تاغلىقلارنىڭ سەردارى خوجاجاھان ئىدى. سوقۇشۇشتا بورھاندىن خوجا غەلبە قىلىپ، «زامان - زاماننىڭ، زامان خاقانى چىننىڭ④» دەپ جاكارلايدۇ. بۇرھاندىن خوجا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق قارا تاغلىقلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىگە قارام بولغان ئامۇرسانا تېغىمۇ چوڭراق ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرىيدۇ، ئامۇرسانانىڭ چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرشى خوجا جاھانغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇرھاندىن خوجا بولسا، ئۆزىنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى نەزەربەنتتىن ئازاد قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مېھرى - شەپقىتىدىن مىننەتدار بولۇپ، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك لازىم دەپ قاراتتى.

خوجا جاھان بولسا، ئاكىسى بۇرھاندىن خوجىنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ۋەدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بولغان تەۋەلىك مۇناسىۋەتتىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بۇرھاندىن تىكچى توختىماي ئارسالدى بولۇپ تۇرغانلىقتىن، خوجا جاھان گۇروھى ئۇستۇنلىكنى ئىگىلەيدۇ. 1757 - يىلى خوجا جاھان «باتۇرخان دۆلىتى» دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتنى ئۈزىدۇ.

چيەنلۇڭ خان ئەسلىدە تەڭرى تېغىنىڭ، جەنۇبى قىسمىغا بۇرھاندىن ۋە

بىراق ئۆرلەيدۇ. ئۇلار رەخمىتۇللا بەگنى باشلامچى قىلىپ سايلاپ، 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئاۋال ئابدۇللانى بالا چاقىسى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. ئاندىن خان ئامبال يامۇلغا باستۇرۇپ كىرىپ، سۇ چىڭ دادا - بالا ئىككىسىنى ۋە ئۇنىڭ بارلىق چاكار، چېرىكلىرىنى قويماي يوقۇتۇپ، يامۇلغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋېتىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ يېرىم يىلغا يېقىن داۋاملىشىدۇ.

ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن سۇلايمان بىلەن مۇسامۇ چىڭ هۆكۈمىتىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن بۈيۈك قوشۇن بىلەن ئۇچتۇرپانغا كېلىپ قوزغىلاڭنى باستۇرىدۇ. چىڭ ئوردىسى ئۇلارنى نۇرغۇن تاۋار - دۇردۇن بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئىمىن خوجىنىڭ هوقۇقى تولىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر ۋە يانچى سانى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە ئىدى. 1757 - يىلى (چيەنلۇڭ 22 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئىمىن خوجىغا بەيسىلىك مەنسىۋى بېرىدۇ. تۇرپاننىڭ شەرقى پىچاندىن تارتىپ، قاراغوجىغا قەدەر ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىغا قاراشلىق بولغان يەرلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا قارايدىغان بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۇرپاننىڭ غەربى ئىلانلىقتىن تارتىپ تاكى ئاستانىغا قەدەر بولغان يەرلەر يەنە بىر خوجا مەڭلىك خانغا قارايتتى⑥. مەڭلىك چىڭ سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ جۇڭغارلارغا ئەگەشكەنلىكتىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى ئۇنىڭغا قاراشلىق يەر - زېمىن ۋە ئاهالىلارنىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ قوشۇپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجىغا قارشلىق يەر - زېمىن ۋە يانچىلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ⑦. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئالتە شەهەر پۈتۈنلەي ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتىدۇ. ئالتە شەهەر خەلقى پۈتۈنلەي سۇلايماننىڭ ئالپىتوسى بولىدۇ. يەرلىك ئەمەلدارلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ قېلىۋېرىدۇ⑧. ئەمەلىيەتتە ئىمىن خوجا جەمەتى پۈتكۈل تۇرپان بوستانلىقتىكى يەرلەرنى ئىگىلىگەن بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ يەنە ئاتا - بوۋىسىدىن

قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئەھۋالىنى ئىمىن خوجا پىششىق بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇنى ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە بەلگىلىدىم. ئۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن ھەم «ئارخاشان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى مەخسۇس ئىشلىمەكچى بولىۋاتىدۇ. ئۇ ئىمىن خوجى-نىڭ پىلان، تەدبىرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك» دەپ تەكىتلىگەن. شۇ-نىڭ بىلەن بىللە ئىمىن خوجىغا بەي لى مەنسىپى بەرگەن. 1758 - يىلى 8 - ئايدا كۇچارنى ئېلىش جېڭى شىددەتلىك بولىدۇ. ئۇرۇشتا ئىمىن خوجا سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىدۇ. ھەم ئۇ خەندەكتىن ئۆتۈپ، توپ - زەمبىرەكنى سۆرەپ ماڭغاندا يۈز قىسمىدىكى ئوڭ ياڭاق سۆڭىكى سۇنۇپ كېتىدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىمىن خوجىنى مىڭ سەر كۈمۈش بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

1759 - يىلى 7 - ئايدا چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنجىغاندىن كېيىن، پادىشاھ چيەنلۇڭ قەشقەر بىلەن يەركەنگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىمىن خوجىنى جۇنۋاڭلىقتا ئۆستۈرۈپ، قەشقەر ۋە يەركەن-گە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

1765 - يىلى (چيەنلۇڭ 30 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچېڭ يەرلىك خەلقتىن 240 كىشىنى جىگدە كۆچىتى توشۇش ئۈچۈن ھاشارغا تۇتۇپ، ئۇلارنى يالاپ مېڭىشقا ئۆزىنىڭ ئوغلىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى يۈك - تاقلارنى ھاشارچىلارغا يۈدۈتۈپ ماڭماقچى بولىدۇ. بىراق يۈك - تاقلارنى نەگە يۈدۈپ بېرىش ئېنىق ئەمەس ئىدى. ھاشارچىلار بۇ ھەقتە ھاكىمبەگ ئابدۇللادىن يوليۇرۇق سورايدۇ. ئابدۇللا سۇ چىڭغا يان بېسىپ ھاشارچىلارنى «بىھۆرمەتلىك قىلدى» دەپ ئەيىپلەپ، قامچا بىلەن ئۇرىدۇ. ھاشارچىلار خان ئامبال مەھكىمىسىنىڭ تامغىچى زەڭگىسى (تامغا باشقۇرىدىغان ئەمەلدار) نى تېپىپ سورىغاندا ئۇمۇ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ھاشار-چىلانى 30 پالاق ئۇرغۇزىدۇ! بۇنىڭ بىلەن ھاشارچىلارنىڭ كونا يېڭى غەزىپى

## 3 ـ § ئىمىن خوجا ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش ئەھۋالى

يۇڭجېڭنىڭ 10 ـ يىلى (1732 ـ يىلى) تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىمىن خوجىنىڭ باشچىلىقىدا، گۇاجۇغا كۆچكەن. بۇ ھەممىگە ئايان تارىخىي پاكىت. ئەمما، كۆچۈش مەسىلىسى ئۈستىدە خېلى ئۇزۇنغىچە تالاش ـ تارتىش بولغان. بۇنى بىلىش ئۈچۈن تۇرپاننىڭ چىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ ھاكىمىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا تۇزلەڭلىكىگە كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، چاغىتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار رايونىدىكى يەركەن خانلىقىدىن قۇمۇل ۋە تۇرپان، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋغا ـ سالام يوللاش ۋە سودا ـ سېتىق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىدۇ. شۇنجىژىنىڭ 3ـ يىلى (1646 ـ يىلى) تۇرپان سۇلتانى ئەبۇل ئەھمەت ھاجى خان، تۇتۇق ماسران قۇربافۇن باشلىق كىشىلەرنى خان ئوردىسىغا «سوۋغا تەقدىم قىلىش» قا ئەۋەتىدۇ. شۇنجىژىنىڭ 10ـ يىلى (1653 ـ يىلى) تۇرپاندىكى مۇسلىم شاھ بەگ قاتارلىق كىشىلەر ئەلچىلىرىگە بېرىپ، سوۋغا تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىلتىماس قىلىدۇ. كاڭشىنىڭ 12 ـ يىلى (1673 ـ يىلى) «تۇرپان ئەلچىسى ئۇلۇغ خوجا قاتارلىقلار پايتەختكە بېرىپ، 4 تۇياق غەربىي رايون ئىتى، 15 تۇياق موڭغۇل ئىتى ۋە 1000 جىڭ قاشتېشى قاتارلىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىدۇ» كاڭشىنىڭ 18 ـ يىلى (1679 ـ يىلى) يەركەن خانلىقى جوڭغارلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلىدۇ. قۇمۇل، تۇرپانلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن جوڭغارلارغا قارايدۇ. ئەمما تۇرپان بىلەن چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىش، سودا ـ سېتىق قىلىش مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي توختاپ قالمايدۇ. كاڭشىنىڭ 20 ـ يىلى (1681 ـ يىلى) تۇرپان

تارتىپ باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان «خۇسۇسى يەرلىرى» بار ئىدى. 1779 - يىلى (چيەنلوڭ 4 - يىلى) تۇرپان ۋاڭى سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكتىن چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ 14 مىڭ 700 مو «خۇسۇسىي» يېرىنى مۇسادىرە قىلىپ، يەتتە كەنتكە بۆلۈپ يېشىل تۇغقا تەۋە 700 كىشىنىڭ تېرىشىغا بېرىدۇ⑨. مانا بۇ بەگلەرنىڭ نۇرغۇن «خۇسۇسىي» يەرلەرنى ئىگىلىگەنلىكىنىڭ مىسالى. ئىمىن خوجا جەمەتىنىڭ 1765 يانچىسى بار ئىدى. خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ «ئۆلۈشلۈك» يېرىنى تېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنى «بەگلىك يېرىگە» قاراپ تەقسىم قىلىشۋالاتتى[10]. ئۇنىڭدىن باشقا تۇرپان... قاتارلىق جايلارنىڭ بەگلىرىگە ئېتىبار بېرىپ، بۇ يەرنىڭ (جاساق) ۋاڭلىرىغا چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ھەر يىلى 1200 سەر تەڭگە، 15 توپ تاۋار تەمىنات بېرىشنى بېكىتكەن ئىدى[11]. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە قوشقان تۆھپىلىرى شەرىپىگە ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، جۇڭنەنخەيدىكى بىنەپشە نۇر (زىگۇاڭگې) سارىيىغا ئاستۇرۇش بىلەن بىرگە پادىشاھ چيەنلۇڭ ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ، ئىمىن خوجىغا ئاتاپ تۆۋەندىكى نەزمىنى پۈتكەن.

جەمەتىكى تۇرپاندىن،
بۇرۇنلا توغرا يول تۇتقان.
ھەربىي ئىشقا ھەمدەم بوپ،
كۆپلەپ ھەسسە كۈچ قوشقان.

ھال ئەھۋالى ئۇيغۇرنىڭ،
بىر ئوبدان تونۇش ماڭا.
تۆكەر ئىچىدىكىنى،
ساپ ۋىجدانلىق قەتئى راسا.

تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر باشلىقى ئىزىز جوڭغارلارغا تەسلىم بولۇپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىن بىر نەچچە مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنى قارا شەھەرگە مەجبۇر كۆچۈرۈپ كېتىدۇ. جوڭغارلار ئىمىن خوجىغا تەھدىت سېلىپ، قارا شەھەر- گە كۆچۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئىمىن خوجا بۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. ھەمدە ئىچكىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ھەربىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ[16] قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ۋاقىتتا شىنجاڭنى ئۇزۇل - كېسىل بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، شۇنداقلا تۇرپاننى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاپ تۇرۇشقا چامى يەتمەيتتى. شۇڭا، كاڭشىنىڭ 60 - يىلى (1721 - يىلى) چېگرا قوغداش جياڭجۈنى يۈنشى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈش تەكلىپىنى بېرىپ، مۇنۇلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «ئەسكىرىي ياردەم بېرىپ، ئۇيراتلارنى قوغلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، ئۇيغۇرلارنى قوغداشقا توغرا كېلىدۇ. تۇرغۇزىدىغان ئەسكەرنىڭ سانى ئاز بولسا، بۇ ئىشقا پايدىسىز. كۆپ بولسا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش تەس. ئەسكەر تۇرغۇزمىساق لۈكچۈندىكى بىر تۈمەندىن ئۇشۇق ئۇيغۇرلارنى يىغىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈرۈپ كېتىش كېرەك. ئەگەر، ئۇلارنى يىغىۋالماي قايتىپ كەلسەك، ئۇيراتلار ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. ئۇلارنى يىغىۋالساق، يېتەرلىك ئۇزۇق - تۈلۈك بىلەن باقماق تەس. قۇمۇل كىچىك جاي بولغاچقا، ئۇ يەردە تۇرغۇزۇپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئىمىن جاساقمۇ ئۇلارنى باقالمايدۇ. بۇلۇڭچىر، دالتۇ قاتارلىق جايلارغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرساقمۇ، ئۇ يەرلەر چۆل - جەزىرىدە بولغاچقا بېرىش تەس. ئاشلىقمۇ كۆپ كېتىدۇ. ھەر قانچە ئويلاپ باقساقمۇ ياردەمگە ئەسكەر ئەۋەتمىگىنىمىز تۈزۈك[17]» بۇنىڭدىن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەدبىر قوللانغىچە چىڭ ئوردىسى- نىڭ ئىچكى قىسمىدا كاڭشىنىڭ ئىز باسارى مەسىلىسى ئۈستىدە جىددىي كۆرەش يۈز بېرىپ، بۇ ئىشقا نۆۋەت تەگمەي قالىدۇ. يۇڭجېڭنىڭ 3 - يىلى

ئەلچىسى ئىسلام خوجا قاتارلىقلار «قاشتېشى، ئات قاتارلىق سوۋغا - سالام-لارنى بۇرۇنقى سانىغا ئوخشاش ئېلىپ كېلىدۇ». كاڭشىنىڭ 25 - يىلى (1686 - يىلى) تۇرپان ئەلچىلىرى پايتەختكە يەنە كېلىدۇ[12]. شۇنىڭدىن كېيىن قۇمۇل، تۇرپان خېلىغىچە چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭغارلار تالىشىدىغان رايونغائايلىنىپ قالىدۇ. كاڭشىنىڭ 35 - يىلى (1696 - يىلى) قۇمۇل چىڭ خاندانلىقى تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ. چىڭ ھۆكۈمە-تى جۇڭغارلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنى پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۇ-چۇن، ئىنتايىن مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان تۇرپاننى ئېلىپ بۇ جاينى كونترول قىلماقچى بولىدۇ. كاڭشىنىڭ 54 - يىلى (1715 - يىلى) شىئەن جياڭجۈنى شى جوزۇ «تۇرپان - قۇمۇلغا قوشنا شۇنداقلا، جۇڭغارىيىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى، ئۇنى ئاۋۋال ئېلىش كېرەك» دېگەن پىلاننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ پىلان بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىشقا ئاشىدۇ[13]. كاڭشىنىڭ 56 - يىلى (1717- يىلى) جۇڭغارلار قوشۇن تارتىپ، شىزاڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شىزاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، جۇڭغارلارنى قوغلاپ چىقىرىشنى قارار قىلىدۇ ھەمدە خاقاننىڭ 14 - ئوغلى يۈنشىنى چېگرا قوغداش جياڭجۈنى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۇنى كۈچلۈك قوشۇن بىلەن شىنىڭدا تۇرۇپ ھەممىگە قوماندانلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىككىنچى يىلى فۇردەن، فۇنىڭئەن، چى لىدېلارنى ئۈرۈمچىگە يۈرۈش قىلىپ «غەرب ۋە شىمال ئىككى يول بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن كۈچىنى بۆلۈپ[14] تاشلاش» قا بۇيرۇيدۇ. كاڭشىنىڭ 59 - يىلى (1720 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى توپىلاڭنى تىنجىتىش جياڭجۈنى فۇنىڭئەن قوشۇن بىلەن پىچانغا كېلىدۇ. پىچاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى، ئۆزىنىڭ 300 دىن ئۇشۇق ئادىمى بىلەن چىڭ ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولىدۇ. 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى چىڭ ئەسكەرلىرى تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە، «تۇرپاندىكى ئاق سۇلتان ۋە باش ۋالى شاھ زەپەر قاتارلىقلار ئۆز ئادەملىرىنى باشلاپ تەسلىم بولىدۇ[15]». ئىمىن خوجىمۇ «لۈكچۈندە چىڭ ئەسكەرلىرىگە تەسلىم بولىدۇ.» ئەمما،

ئۆچرايدىغانلىقى، ئۇ يەرنى ئۆزۈن مۇددەت ساقلاشنىڭ تەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى داۋاملىق ئىچكىرىگە كۆچۈرۈشنىڭ پىلانىنى ئوتتۇرىغاقويۇپ، ئىمىن خوجىغا قاراشلىق بىر تۈمەندىن ئۇشۇق ئادەمنىڭ ھەممىسىنى ئىچكىرىگە كۆچۈرۈشنى قارار قىلىدۇ. يۇڭجېڭنىڭ 9 - يىلى (1731 - يىلى) 3 - ئايدا چىڭ خاندانلىقى يارلىق مەھكىمىنىڭ پەرمانچىسى بۇ ھەقتە مەخسۇس «تەسلىم بولۇپ ئۆتكەنلەر بىلەن تۇرپان پۇقرالىرى ناۋادا، جۇڭغارلاردىن قورقسا، ئىچكى ئۆلكىلەرگە يېقىن جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشسا بولىدۇ. توختى ماموت باشچىلىقىدىكى كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، خاتىرجەم ياخشى تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولغاي. يەنە تېخى كۆچمىگەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىغا يېتىپ، مەلۇم بولسۇنكى، ناۋادا، دۈشمەننى يېڭىشكە ئاجىزلىق قىلساڭلار، ئۆرۈش قىلماي كۆچۈپ كەلگىنىڭلار تۈزۈك. . . مەزكۇر يارلىق تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ بىقارار بولۇپ، ئۆز جايىڭلاردا تۇرىۋەرسەڭلار دۈشمەننىڭ پاراكەندىچىلىكىگە يەنە ئۇچرىغان چاغدا، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭلار بىر ياقلىق قىلىڭلار. قوشۇنىمىز سىلەرنى پاناھىغا ئېلىشقا يەنە بارمايدۇ[20]» دېگەن.

چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. ئىمىن خوجا «ئىچكىرىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتىدىغان سەممىي نىيىتىنى ئىزھار قىلىپ» يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى (1732 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 14 - ۋە 17 - كۈنلىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئىچكىرىگە كۆچۈشكە باشلايدۇ. ئىمىن خوجا بۇنىڭ بىلەن چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زور ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، دۆلەتكە ياردەملەشكۈچى گۇڭ ئۇنۋانىنى ئالىدۇ.

مەھكىمە باش قوماندانى چالاڭئا ئەسلىدە بۇيرۇقىا بىنائەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى سۇجۇنىڭ ۋاڭ زىجۋاڭ دېگەن جايىغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغان. يۇڭجېڭ خان گۇاجۇنىڭ شارائىتى ياخشى دەپ قاراپ، گۇاجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى (1732 - يىلى) 12- ئايدىكى خاننىڭ يارلىقىدا «ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن تېرىقچىلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ

(1725- يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى تۇرپاندىكى قوشۇنلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە چېكىندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈرۈپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى «تۇرپان قەبىلىلىرى چېگرىنىڭ سىرتىدىكى يىراق جايدا بولۇپ، بارىكۆلدىكى ھەربىي گازارما بىلەن ئارلىقى 7 - 8 يۈز چاقىرىم كېلىدۇ. دۈشمەننىڭ پاراكەندە قىلىشىغا دائىم ئۇچراپ تۇرغاچقا، قوشۇنىمىزنىڭ قوغدىشى تەس» دېگەننى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۇلارنى يېقىن ئەتراپتىكى رايونلارغا يۆتكەپ كېلىپ، دۈشمەننىڭ بېسىپ كىرىپ زىيان يەتكۈزۈشىدىن ساقلاش[18]» نى قارار قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بىر تۈمەندىن ئۇشۇق بولۇپ، «ئىچكىرىگە كۆچۈپ بېرىشنى خالىغانلار 4 - 5 مىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى.» چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ بۇلۇڭچىر، شاجۇ، گۇاجۇ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىپ، دېھقانچىلىق قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىم ئىچكىرىگە كۆچۈپ بارغانلارنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. پەقەت توختى ماموت باشچىلىقىدىكى 650 دىن ئۇشۇق ئادەم ۋېيلۇباۋغا كۆچۈپ باردى. ئەسلى ئورنىدا قېپ قالغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىمىن خوجىنىڭ باشچىلىقىدا، «تېرىشىپ يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ» چىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىنئان قىلغان تەڭگە» لىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئېزىشىگە نارازى بولغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتىگە مايىل ئىدى.

يۇڭجېڭنىڭ 9 - يىلى (1731 - يىلى) جۇڭغارلار ئەسكەر چىقىرىپ، لۈكچۈننى 40 كۈندىن ئۇشۇق قامال قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى تەسلىم بولۇشقا قىستىغان بولسىمۇ، قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. «ئىمىن خوجا سېپىلنى قاتتىق ساقلايدۇ. پۇرسەت تېپىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ. دۈشمەننىڭ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرىدۇ. ئىككىلا تەرەپ چىقىمدار بولىدۇ[19].» كېيىن چىڭ ئەسكەرلىرى يېتىپ كېلىپ، جۇڭغارلارنى چېكىندۈرىدۇ. «ئىمىن خوجا ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ.»

چىڭ ھۆكۈمىتى تۇرپاننىڭ جۇڭغارلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئاسان

يېڭى تەزكىرىسى» يېزىلىۋاتقان چاغلاردا، تۇرپاندىن كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇلار ئالىسقاچان ماكانلىشىپ بولغان ئىدى. يۇڭجېڭ ۋاقتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئارخىپلار تا ھازىرغىچە تولۇق مۇكەممەل ساقلانغاچقا، چىڭ ئوردىسىدا تۈزۈلگەن يەر، جاي تەزكىرىلىرى بىزنى بۇ ھەقتە ناھايىتى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. تۇرپاندىن گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ كونكرېت سانى توغرىسىدا بۇرۇندىن ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. يۇڭجېڭنىڭ 10- يىلى (1732 - يىلى) 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا چۈشۈرۈلگەن يارلىقتا «بۇگۇن مەھكىمە باش قوماندانى چالاڭئانىڭ يوللىغان مەكتۇبىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ سانى بىر تۈمەندىن ئۇشۇق ئىكەن. ئۇلار 10- ئاينىڭ 14- كۈنى ۋە 17- كۈنلىرى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، يولغا چىقىپتۇ» . «جۇڭغارىيىنى تېنجىتىش ئومۇمىي پىلانى» 15- جىلد، «ئۇيغۇر رايونى توغرىلىق ئومۇمىي بايان» 3 - جىلدىدە «تۇرپاندىن تارانچى ئارقىلىق گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغانلار 8013 نەپەر» دەپ يېزىلغان. ياپونىيىلىك ئالىم زوكوتو «چىڭ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان» دېگەن ماقالىسىدا «تۇرپاندىن تارانچىغا كەلگەندە، ئۇلار 9273 نەپەر بولۇپ، بىر قىسمى يولدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. گۇاجۇغا يېتىپ كەلگىنى 8013 نەپەر» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ سان توغرا ئەمەس. «چيەنلۇڭنىڭ سۇجۇنى قايتىدىن قۇرۇش تەزكىرىسى ئەنشى ئىككىنچى قىسىم»دا خاتىرىلىنىشچە، «يۇڭجېڭنىڭ 11 - يىلى تۇرپان بەگلىرى، پۇقرالىرى بولۇپ، جەمئىي 2389 ئۆيلۈك، 9200 دىن ئارتۇق ئادەم پاناھ تارتىپ كەلدى» ، «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقى سانىنى تەكشۈرگەندە، جاساق بېگىنىڭ 9 نوپۇسىدىن باشقا 2387 ئۆيلۈك، 8113 نەپەر ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى. 8 - ئاي ئىچىدە ئىلى ئۇيغۇرلىرىدىن بىر ئۆيلۈك ئۈچ جان ئادەم قېچىپ كەلگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 2388 ئۆيلۈك، 8116 نەپەر ئىكەن» دېيىلگەن. بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن ئىككى سان بىر- بىرىگە زىت كېلىدۇ. مېنىڭچە 9200 نەپەردىن ئارتۇق دېگەن بۇ سان گۇاجۇغا كۆچۈش جەريانىدا چىڭ ھۆكۈمىتىگە

خۇشال ـ خورام تىرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن، سۈيى ياخشى، يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى ئوبدان جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. سۇجۇننىڭ ۋاڭزىجۇاڭ دېگەن جايىدا سۇ ئاز، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەپلىك ئەمەس. تەكشۈرۈشىمىزچە گۇاجۇنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، ھاۋاسى مۆتىدىل ئىكەن. بۇ جاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدىكى جايلىرىنىڭ شارائىتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان بىنەم يەر كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ دېھقانچىلىق قىلىشى ۋە مال، چارۋا بېقىشىغا يېتىدۇ. ئۇلارنى تارانچىدىن گۇاجۇغا يۆتكەپ كەلسەك يولمۇ ئانچە يىراق ئەمەس. . . باش ۋالىي ليۇ يۈيى چېگرا مۇھاپىزەت جياڭجۇنى شۈي رۇڭلار تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى گۇجاڭغا ئورۇنلاشتۇرسۇن. ئۇلارغا ئۆي ـ جاي ياساپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق ۋە كالا قاتارلىق تېرىقچىلىق سايمانلىرى بېرىلسۇن. بۇ ئىشلار دەرھال بېجىرىلسۇن[21]» دەپ يېزىلغان. يوڭجېڭنىڭ 11 ـ يىلى ئەتىياز مەزگىلىدە (1733 ـ يىلى) تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىچكىرىنىڭ گۇاجۇ دېگەن جايىغا كۆچۈپ بارىدۇ. «تۇرپاندىكى 17 شەھەردە ھېچ بىر ئادەم قالماي قۇرۇقدىنىپ قالىدۇ[22].»

## 1 ـ گۇاجۇغا كۆچكەندىن كېيىنكى ئەھۋال

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقات ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلار بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تولۇق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ ھەقتە تەپسىلىي بىر نەرسە دېيەلمىگەن. ياپونىيىلىك ئالىم زۇكوتو: «چىڭ ئوردىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەردىن گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ[23].» دەپ قارايدۇ. مەن چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا تۈزۈلگەن «سۇجۇنى قايتىدىن قۇرۇش يېڭى تەزكىرىسى[24]»نى كۆرۈپ چىقتىم. بۇنىڭ ئىچىدە، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت كونكرېت ماتېرىياللار بار بولۇپ، بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرراق چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. «سۇجۇنى قايتىدىن قۇرۇش

ئەشلىرىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم قەلئە قۇرۇپ، ئۇلار قەلئەلىرىگە تەكشى ئورۇنلاشسۇن» دېگەن يارلىقنى چۈشۈرىدۇ. مانا بۇ تارىختىكى مەشھۇر 5 قەلئەدۇر. گۋاجۇ 5 قەلئەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا كەلسەك، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلىرىدا يېتەرسىزلىكلەر ۋە مۇجمەللىكلەر مەۋجۇت. «چيەنلۇڭنىڭ سۇجۇنى قايتىدىن قۇرۇش يېڭى تەزكىرىسى، ئەنشى ئىككىنچى قىسىم» دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: (ئىزاھات: بەش قەلئەگە ئورۇنلاشقانلار 9264 نەپەر بولۇپ، خانغا يوللانغان مەلۇماتتىكى نوپۇس سانى بويىچە ھېسابلاندى.)

«بىرىنچى قەلئە ـ ئەنشى بازىرىدىن 25 يول يىراقلىقتا بولۇپ، باشقا قەلئەلەرگە قارىغاندا، بىر قەدەر چوڭ. ئەتراپىغا سوقۇلغان سېپىلنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 3 يول 7 فۇڭ، ئېگىزلىكى 11 گەز. بۇ قەلئەگە لۇكچۈنلۈك ئىمىن گوڭ خوجا بىلەن سىركىپلىك ئىككى بەگ ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، جەمئىي 1017 ئۆيلۈك 4064 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بىرىنچى قەلئەنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىن 10 يول يىراقلىقتا ئىككىنچى قەلئە سېلىنغان بولۇپ، قەلئە سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1.5 يول، ئېگىزلىكى 8 يېرىم گەز. بۇ قەلئەگە قارخوجا بىلەن مۇرتۇقنىڭ ئىككى بېگى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالاردىن بولۇپ 348 ئۆيلۈك، 1254 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىككىنچى قەلئەنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن 10 يول يىراقلىقتا 3 ـ قەلئە قۇرۇلغان بولۇپ، قەلئە سىرتىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلىقى 1.5 يول، ئېگىزلىكى 8.5 گەز. بۇ قەلئەگە سۇ بېشى، لەمجىن، كىچىك ئاستانە، پىچان، شۆگە قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بېگى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالاردىن بولۇپ جەمئىي 307 ئۆيلۈك 1244 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئۈچىنچى قەلئەدىن غەربىي شىمال تەرىپىدىن 4 يول يىراقلىقتا 4 ـ قەلئە قۇرۇلغان بولۇپ، قەلئە سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 1.5 يول، ئېگىزلىكى 8.5 گەز. بۇ قەلئەگە لەمجىن، ياڭخې، تۇيۇق قاتارلىق قەبىلەلەرنىڭ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالاردىن بولۇپ، جەمئىي 327 ئۆيلۈك،

يوللانغان مەلۇماتتىكى ئادەم سانى بولۇپ، 8000 نەپەردىن ئارتۇق دېگىنى گۇاجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئېنىقلانغان سان بولسا كېرەك. دېمەك، بىز ئەلۋەتتە كېيىنكىسى توغرا دەپ قارايمىز.

مانا بۇلاردىن مەلۇمكى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈش ۋاقتىدىكى سانى 10000 نەپەردىن ئارتۇقراق بولۇپ، تارانچىغا كەلگىچە 9002 چە ئادىمى قالغان. يول ئۈستىدە بىر قىسمى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ، گۇاجۇغا يېتىپ كەلگىنى 2389 ئۆيلۈك، 8125 نەپەر. (ئىلىدىن قېچىپ چىققان بىر ئۆيلۈك ئۈچ جان ئادەم جاساق ئىمىن گۇڭ خوجىنىڭ بىر ئۆيلۈك 9 جان ئادىمى بۇنىڭ ئىچىدە)

ئەمدى ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالىغا كەلسەك، «چيەنلۇڭنىڭ سۇجۇنى قايتىدىن قۇرۇش يېڭى تەزكىرىسى ئەنشى ئىككىنچى قىسىم» دا خاتىرىلىنىشىچە، «يۇڭ جېڭنىڭ 11 - يىلى ھەربىي لاۋازىمەت ئەمەلدارى ۋاڭ چۈەنچىن ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن 2000 دادەنلىك يەر ئېچىپ، ئەسلىدىكى 1500 دادەنلىك يەرنى قوشۇپ جەمئىي 3500 دادەنلىك يەرنى بەرگەن. يۇڭجېڭنىڭ 12 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە 1500 دادەنلىك يەرنى ئاچقۇزغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى 5 مىڭ دادەنلىك يەر بولۇپ، 4500 دادەنلىك يەرگە بۇغداي، 500 دادەنلىك يەرگە ئارپا تېرىغان. بەش قەلئەدىكى ئۇيغۇرلار يەنە يەر ئېچىپ، قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتات تېرىغان» دەپ يېزىلغان. ئەينى ۋاقىتتا، بىر دادەنلىك يەر 10 مودىن ئۇشۇقراق كېلەتتى[25]. دېمەك، مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، گۇاجۇغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يېرى 50 مىڭ مودىن ئارتۇقراق بولۇپ، كۆكتات تېرىلىدىغان يەرلىرىنى قوشقاندا، جەمئىي 52 مىڭ مودىن ئارتۇقراق يەر ئىدى. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەڭلىكى غەربتىن شەرققىچە 20 نەچچە يول، ئۇزۇنلۇقى جەنۇپتىن شىمالغىچە 15 يول كېلىدىغان ئۇزۇن تار جىراغا جايلاشقان، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ خىل ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، «ئۇيغۇر پۇقرالىرى بىر جايغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشسا، تېرىقچىلىق

ئۇيغۇرلىرى يۇڭجېڭنىڭ 11 ـ يىلى (1733ـ يىلى) ئەتىيازدا گۇاجۇغا يېتىپ بارغان. چىڭ ھۆكۈمىتى بۇلارغا شۇ يىلى كۈزگە ئۇلاشقۇدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە تۇرمۇش بويۇملىرى تارقىتىپ بەرگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلاق ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

«جاساق ئەمىن گۇڭ خوجىغا تۆت ئۆكۈز، تۆت خېچىر، تۆت سىيىر، 80 تۇياق قوي، ئىككى داشقازان ئۇنىڭدىن باشقا ئوتىغۇچ، ساپان چىشى، غالۋىر، سىۋەت، ئورغاق قاتارلىق سايمانلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن ئىككى. يەنە بىر چىلەك، ئىككى كۆرە، بىر موپاڭ، بىر دانە تاش تولۇق، بىر دانە ياغاچ تولۇق، تۆت تال ئارغامچا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

بىرىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 29 ئۆيلۈك بولۇپ، ھەر بىر ئۆيلۈككە 4 دانە ئۆكۈز، ئىككى دانە خېچىر، 20 تۇياقتىن قوي، ئۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتىغۇچ، ساپان، ساپان چىشى، غالۋىر، سىۋەت، ئورغاق، چىلەك قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بېرىلگەن؛

ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 39 ئۆيلۈك بولۇپ، ھەر بىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، ئىككىدىن خېچىر، 18 تۇياقتىن قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتىغۇچ، ساپان، ساپان چىشى، غالۋىر، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بېرىلگەن؛

ئۈچىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 30 ئۆيلۈك بولۇپ، ھەر بىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، ئىككىدىن خېچىر، 16 تۇياقتىن قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتىغۇچ، ساپان، ساپان چىشى، غالۋىر، سىۋەت، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بېرىلگەن؛

تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەر 22 ئۆيلۈك بولۇپ، ھەر بىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، ئىككىدىن خېچىر، 14 تۇياقتىن قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتىغۇچ، ساپان، ساپان چىشى، غالۋىر، چىلەك، سىۋەت، ئورغاق، ئارغامچا قاتارلىقلاردىن بىردىن بېرىلگەن. جان سانى 10 دىن 13 كىچە بولغان

1351 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

4 - قەلئەنىڭ 10 يول يىراقلىقتا 5 -قەلئە قۇرۇلغان بولۇپ، قەلئە سېپىلىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلىقى 1.5 يول، ئېگىزلىكى 8.5 گەز بۇ قەلئەگە تۇرپان، ئاستانە، ياتور، خاندو قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پۇقرالىرى بولۇپ، 338 ئۆيلۈك، 1351 ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

بۇ بەش قەلئە ئىچىگە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۆيلەر سېلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. ئۆيلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

«ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىي 9264 نەپەر (ئىزاھات: بۇنىڭدا، خانغا يوللانغان مەلۇماتتىكى نوپۇس سانى بويىچە ئۆي تەقسىم قىلىنغان). ھەر ئىككى ئادەمگە بىر ئېغىزدىن جەمئىي 4632 ئېغىز ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن.

ئىمىن خوجا ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ بېگى بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ، كەڭ ۋە ھەشەمەتلىك ئۆيلەردىن كۆپرەك بېرىلگەن. ئۇنىڭغا ئالدىنقى ھويلىدىن 5 ئېغىز، ئىككىنچى ھويلىدىن 5 ئېغىز، غەرب ۋە شەرق تەرەپتىكى يان ھويلىلارنىڭ ھەر بىرسىدىن 3 ئېغىز، ئۈچىنچى ھويلىدىن 5 ئېغىز جەمئىي 27 ئېغىز ئۆي بېرىلگەن.

بىرىنچى دەرىجىلىك بەگلەرگە، ئائىلىسىدىكى جان سانىنى ھېسابلاپ، ھەر ئىككى جانغا بىر ئېغىزدىن ئۆي بەرگەندىن باشقا، ھەر بىر جانغا بىر ئېغىزدىن ھېسابلاپ 29 بەگكە جەمئىي 87 ئېغىز ئۆي قوشۇپ بېرىلگەن؛

ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگلەرگە، ئائىلىسىدىكى جان سانىنى ھېسابلاپ، ھەر ئىككى جانغا بىر ئېغىز ئۆي بەرگەندىن باشقا ھەر بىر بەگكە ئىككى ئېغىزدىن ھېسابلاپ، 39 بەگكە جەمئىي 78 ئېغىز ئۆي قوشۇپ بېرىلگەن؛

ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگلەرگە، ئائىلىسىدىكى جان سانىنى ھېسابلاپ، ھەر ئىككى جانغا بىر ئېغىزلىق ئۆي بەرگەندىن باشقا، ھەر بىر بەگكە بىر ئېغىزدىن ھېسابلاپ 42 بەگكە جەمئىي 42 ئېغىز ئۆي قوشۇپ بېرىلگەن.

يۇقىرقى ئۆيلەر چوڭ - كىچىك بولۇپ، جەمئىي 4866 ئېغىز. تۇرپان

بېرىلگەن. ھەر بىر ئون دادەن ئۈچۈن، بىردىن تولۇق بېرىلگەن.

بۇلاردىن مەلۇمكى، چىڭ ھۆكۈمىتى گۇاجۇغا بارغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا ئۆي ـ جاي، ئات ـ ئۇلاق، ئوزۇقلۇق بېرىپ، ئۇلارغا مەلۇم دەرىجىدە غەمخورلۇق قىلغان. مەسىلەن، باج ـ سېلىقنى كېچىكتۈرۈپ قىلىش، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغدا، ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ خاراكتېرىدىكى باج ـ سېلىقنى يولغا قويغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارخىپ ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، «تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 250 چاپان، 215 توپ ئاق خەسە، 200 جىڭ پاختا، 40 دەن ئۈزۈم (4000 جىڭ) سېلىق تۆلەيتتى[26]» تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گۇاجۇغا كۆچكەندىن كېيىن، بۇنداق ئېغىر ئىقتىسادىي يۈكتىن قۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلاردىن ھېچقانداق ئىجارە ھەققى ۋە پاراقمۇ ئالمايدىغان بولىدۇ.

چىڭ ئوردىسىدىكى يازما مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىن ئىجارە ھەققى ۋە پاراق ئېلىنماي كەلگەن[27].» بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار پەقەت تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇلاردىن بەلگىلىك مىقداردا ئىجارە ھەققى ۋە پاراق ئالغان. ئەمما، يەنىلا «ئىنئام بېرىش» شەكلى بىلەن ئۇلارغا بەلگىلىك ھەق بەرگەن. ھەر يىلى ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئاشلىق قەرز بېرىپ تۇرۇش، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارخىپ ماتېرىياللاردا «گۇاجۇ 5 قەلئەسىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئاشلىقى ھەر يىلى ئەتىياز پەسلىدە كېمىيىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا، خاقانىنىڭ خەيرى ـ ساخاۋەت ۋە ئىلتىپاتى بىلەن، ھۆكۈمەت ئاشلىق ئامبىرىدىن ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك قىلىش ئۈچۈن، ئاشلىق قەرز بېرىپ تۇردى» دەپ يېزىلغان. ھازىرقى تارىخىي ئارخىپ ماتېرىياللىرى سارىيىدا بۇ ھەقتىكى ماتېرىيال ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا گەنسۇنىڭ چېگرا قوغداش جياڭجۈنى ۋۇ داشەننىڭ چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى (1756 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خان ئوردىسىغا يوللىغان مەلۇماتى

ئۇيغۇر پۇقرالىرى 4 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر ئايال، قېرى - ياش جەمئىي 44 ئادەم. ھەر بىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، ئىككىدىن خېچىر بېرىلگەن. ھەر بىر ئادەمگە بىر تۇياقتىن جەمئىي 44 تۇياق قوي بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتنغۇچ، ساپان، ساپان چىشى، غالۋىر، سىۋەت، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بېرىلگەن.

جان سانى 7 دىن 9 غىچە بولغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى جەمئىي 12 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياش جەمئىي 598 ئادەم. ھەر بىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، بىردىن خېچىر، ھەر بىر ئادەمگە بىردىن جەمئىي 598 تۇياق قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتنغۇچ، ساپان، ساپان چىشى، غالۋىر، سىۋەت، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر بىرسىدىن بىردىن بېرىلگەن.

جان سانى 4 تىن 6 غىچە بولغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى جەمئىي 836 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياش جەمئىي 3838 ئادەم. ھەر بىر ئۆيلۈككە ئىككىدىن ئۆكۈز، بىردىن خېچىر، ھەر بىر ئادەمگە بىر تۇياقتىن جەمئىي 3838 تۇياق قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ساپان، ساپان چىشى، ئوتنغۇچ، غالۋىر، سىۋەت، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بېرىلگەن.

جان سانى ئىككىدىن ئۈچكىچە بولغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى جەمئىي 1306 ئۆيلۈك بولۇپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياش جەمئىي 3052 ئادەم. ھەر بىر ئۆيلۈككە بىردىن ئۆكۈز، بىردىن خېچىر، ھەر بىر ئادەمگە بىر تۇياقتىن جەمئىي 3052 تۇياق قوي، بۇنىڭدىن باشقا قازان، ئوتنغۇچ، ساپان، ساپان چىشى، غالۋىر، سىۋەت، ئورغاق، چىلەك، ئارغامچا قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىردىن بېرىلگەن.

جاساق ئىمىن گۇڭ خوجىدىن باشقا بەگلەر ۋە ئۇيغۇر پۇقرالىرى جەمئىي 2383 ئۆيلۈك، 8116 نەپەر بولۇپ، ئۇلاردىن ھەر 40 ئادەمگە بىردىن مۇپاڭ (تۇگمەن) بېرىشتىن باشقا، ئالتە تۇگمەن، 50 دادەن ئۇرۇقلۇق ئاشلىق

داۋاچى توپىلىڭى بېسىقتۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گەنسۇنىڭ مەھكىمە ئەمەلدارى مىڭ دې، چيەنلۇڭ خانغا مەلۇمات سۇنۇپ، «گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇش مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ» دەيدۇ. مەلۇماتتا مۇنداق دېيىلىدۇ. «گۇاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسلى ماكانى تۇرپان بولۇپ، جۇڭغارلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قورقۇپ، يۇڭجېڭنىڭ 10 - يىلى ئىچكىرىنىڭ تەۋەسىگە ئۆتكەن. دەسلەپ قۇمۇلنىڭ تارانچى دېگەن جايىغا ئورۇنلاشقان. يەنە شۇ يىلى گۇاجۇ بەش قەلئەگە كېلىپ، دېھقانچىلىق قىلغان، بۇنىڭغا 20 يىلدىن ئاشقان. ئەنشىنىڭ گۇاجۇ دېگەن جايىدا، شۆلېخې دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىنىدۇ. ناۋادا شامال كۆپ، هۆل يېغىن ئاز بولۇپ قالسا، دەريا سۈيى يېتىشمەي، ئۇيغۇرلارنىڭ هوسۇل ئېلىشى قىيىنلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. . . ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كەلگەن چاغدا 8100 دىن ئۇشۇق ئادەم بولۇپ، هازىر بىر تۈمەن نەچچە يۈزدىن ئاشتى. كېيىنچە ئادەم يەنە كۆپەيسە، يېمەك - ئىچمەك يېتىشمەسلىكى مۇمكىن. هازىر خاقانىمىزنىڭ شان شۆهرىتى ئالەمگە پۇر كەتتى. تۇرپان قاتارلىق جايلار تەۋەلىكىمىزگە كىردى. بۇ جايلارنىڭ يەر شارائىتىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان بىنەم، ئولتۇراقلىشىدىغان زېمىن بولسىلا، ئۇلارنى يۆتكىلىش خىراجىتى بىلەن تەمىنلەپ، جاساق ئېمىن گۇڭ خوجا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ تۇرپانغا قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنسا ئىكەن[29].» بۇ ئارخىپ ماتېرىيالىدىن مەلۇمكى، گۇاجۇغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىن ئىجارە هەققى ۋە پاراق ئېلىش كېچىرىم قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ئۆتكەن.

ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شەنشى، گەنسۇ باش ۋالىسى خۇاڭ تىڭگۈينىڭ چيەنلۇڭ خانغا سۇنغا مەلۇماتنامىسىغا قارىغاندا، ئېمىن خوجا مۇشۇنداق ئارزۇدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن. «بولتۇر مەن خان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا

بار. ئۇ گۋاجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك قىلىش ئۇچۇن، ئاشلىق ئۆتنە بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى يازىدۇ. مانا بۇ مۇشۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي مىسال بولالايدۇ. خانغا يوللىغان بۇ مەلۇماتتا «چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە گۋاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى يەنىلا كېمىيىپ قالدى. ئىمىن گۇڭ خوجا ئۆتكەنكى ئادەت بويىچە 4000 دەن بۇغداي ئۆتنە بېرىشىمىزنى سورىدى. ناۋادا كۇزلۇك يىغىمدىن كېيىن، ئاشلىقنى قايتۇرالمىسا، جاساق بەگلەر تۆلەشكە ماقۇل بولدى. . . ئۆتكەنكى ئادەت بويىچە، ئەنشى مەھكىمە ئاشلىق ئامبىرىدىن شۇ سان بويىچە ئاشلىق ئۆتنە بېرىلدى. شەرقتە سىڭدۇرۇلگەن ئەجرىمىزنىڭ پايدىسىنى غەربتە كۆرىمىز[28]. . » دەپ يېزىلغان. بۇ مەلۇماتتا «ئۆتكەنكى ئادەت بويىچە» دەپ يېزىلغان. دېمەك، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى گۋاجۇدا تۇرغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە، ئىزچىل مۇشۇنداق ئىش ئېلىپ بېرىلغان.

بۇلار تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان بىر خىل تەدبىر بولۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، چىڭ ھۆكۈمىتى بۇ ئارقىلىق سىياسىي تەسىرىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ بېرىشقا قىزىقتۇرۇپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك تارىخىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە ئۇرۇنغان.

## 2 - تۇرپانغا قايتىپ كېلىش

چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلىغا ئەسكەر چىقىرىپ، داۋاچى توپىلىڭىنى بېسىقتۇرىدۇ. ئىمىن خوجىمۇ 300 ئۇيغۇر ئەسكىرىنى باشلاپ، چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە جەڭگە ئاتلىنىدۇ. كېيىن، گۋاجۇنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناچار، تۇرپاننىڭ يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ بولغاچقا، گۋاجۇدىكى ئۇيغۇرلار تۇرپانغا يەنە قايتىپ كېلىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (1755 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەنى

مەلۇمات بولماستىن، تەخمىنەن ئېيتىلغان سان، ئېنىقىنى كەتكىلى بولمايدۇ.

خۇاڭ تىڭگۇينىڭ ئىككى پارچە مەلۇماتنامىسىدىكى نوپۇس سانى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس. پەقەت 237 نەپەر پەرقلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ئىشەنچلىكى شۇكى، گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغان چاغدىكى 8125 گە سېلىشتۇرغىنىمىزدا، گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى 20 نەچچە يىل ئىچىدە بىر نەچچە يۈزلا كۆپەيگەن. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن گۇاجۇغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى جاپالىق شارائىتتا ئۆتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى، شىنجاڭنى ئۇزۇل - كېسىل بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋەتىنىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويىدى. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخىدىمۇ يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى.

## 3 - نوپۇسنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجا ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ۋەيران بولغان ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، بىر قاتار باج تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىققان. ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى باج تۈزۈملىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان نوپۇس بېجىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ مىقياسىدا بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. شۇ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، 1761 - يىلى تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى تەخمىنەن 30 مىڭ ئەتراپىدا بولغان. كېيىنكى مەزگىللەردە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرپان رايونىدا باج - سېلىقنى كېمەيتىش، خەلقنى بوز يەر ئېچىشقا رىغبەت-

بىتتائەن، لەشكەر باشلاپ ئىلىغا باردىم. قايتىش سەپىرىمدە، تۇرپانغا كې-لىپ، ئۇ يەردە موڭغۇللارنىڭ يوقلىقى، پەقەت 400 ئۆيلۈك ئۇيغۇر پۇقرالى-رىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. مەن ئىلىغا بارغاندا، بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئەسىر قىلىپ تۇتۇپ كېتىلگەن 100 ئۆيلۈك ئۇيغۇرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ كەلدىم.

هازىر تۇرپاندا 500 ئۆيلۈك ئۇيغۇر بار. بۇرۇن بۇ جايدا دائىم دېگۈدەك ئۇرۇش ۋە يېغىلىق بولۇپ تۇرغاچقا، ئادەملىرى تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن. تۇرپان، لۈكچۈن قاتارلىق 16 ئورۇندا ئېچىشقا بولىدىغان يەر كۆپ. هازىر گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلار 2337 ئۆيلۈك، 8815 نەپەر ئادەم بار. ئۇلار تۇرپانغا كۆچۈپ بارسا، ئورۇنلاشتۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ[31].» تۇرپانغا كەلگەن ئېنىق ۋاقىت چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) كەبىسە 9 - ئاي، يەنى مۇشۇ يىلى كۈزدىن كېيىنكى ۋاقىتقا توغرا كېلەتتى. شەنشى، گەنسۇ باش ۋالىيسى خۇاڭ تىڭگۈينىڭ شۇ يىلى كەبىسە 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چىڭ ئوردىسىغا يازغان مەلۇماتنامىسىدا «مەزكۇر جايدا دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار 2452 ئۆيلۈك. ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولۇپ جەمئىي 8578 نەپەر، ئىككى ياكى ئۈچ ئۇلۇشنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى بولغاچقا كۆچۈپ كېتىشى ئاسان. هازىر ئۇلارنى يەتتە تۇركۇمگە بۆلدۇق. بىرىنچى تۇركۇمى كەبىسە 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يولغا چىقىدۇ» دېيىلگەن.

تۇرپانغا قايتىش چېغىدا، گۇاجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى زادى قانچە؟ بىر قانچە ئارخىپتا كۆرسىتىلگەن سانلار بىر خىل ئەمەس. مىڭ دېنىڭ خانغا يازغان مەلۇماتنامىسىدا «بىر تۈمەن نەچچە يۈز نەپەر» دېيىلگەن. خۇاڭ تىڭگۈينىڭ چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (1756 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 4- كۈنى خانغا يازغان مەلۇماتنامىسىدا «2337 ئۆيلۈك، جەمئىي 8815 نەپەر دېيىل-گەن». ئەمما، ئۇ كەبىسە 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يازغان مەلۇماتنامىسىدا يەنە «2452 ئۆيلۈك. ئەر - ئايال، قېرى - ياش جەمئىي 8578 نەپەر» دېيىلگەن. مېنىڭچە، مىڭ دېنىڭ مەلۇماتنامىسىدا يېزىلغىنى ئەمەلىي سانلىق

سىلىش» قاتارلىق خەلققە پايدىلىق بىر قاتار سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ بېرىپ، نوپۇسنىڭ بىر قېتىملىق كۆپىيىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن. لېكىن بۇ دەۋردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ نوپۇس ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم كۈچىيىپ، زىدىيەتلەر ئۆتكۈرلىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىمسىزلىنىپ، نورغۇن ئاھالە چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، شىنجاڭ نوپۇسىمۇ ئىنتايىن ئاستا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1928 - يىلى تۇرپان ۋە توقسۇندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى 84 مىڭ 144 كە يەتكەن. بۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ سەۋىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شىنجاڭدا جىن شۇرېن ۋە شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە ماجۇڭيىڭ يېغىلىقىدىن سىرت، چوڭ سىياسىي داۋالغۇچلار بولمىغاچقا، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى مۇقىملىشىپ، شىنجاڭ نوپۇسى تەدرىجىي يۈسۈندا كۆپىيىشكە باشلىغان. بۇ مەزگىلدە تۇرپان رايونىدىمۇ سىياسىي ۋەزىيەت ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، پايدىلىق شەرت - شارائىت ھازىرلانغان.

بۇ ھالەت ئەينى دەۋردىكى تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشى ئۈچۈن، پايدىلىق ئامىللارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1944 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 41 مىڭ 341 گە، توقسۇن ناھىيىسىنىڭ 20 مىڭ 378 گە، تۇرپاننىڭ 46 مىڭ 122 گە يەتكەن. بۇ ئۈچ جاينىڭ

لەندۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىش، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى گۈللەن-
دۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشى بىلەن،
تۇرپان رايونىنىڭ نوپۇسى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ بارغان. خاتىرىلىنىشچە،
1779- يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇرپان رايونىدا تەخمىنەن يەتتە مىڭ تۈتۈن
(ئائىلە) لىك ئۇيغۇر بولغان. ئەگەر بىز ھەر بىر ئائىلىدە (تۈتۈندە) بەش
نوپۇس (جان) بار دەپ قارىساق، ئۇنداقتا بۇ مەزگىلدىكى تۇرپان رايونىدىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى تەخمىنەن 35 مىڭ ئەتراپىدا بولغان
بولىدۇ.

19 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن شىنجاڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتـ-
چىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر قاتار دېھقانلار قوزغىلىڭلىرىنىڭ پارتلىشى
ۋە ياقۇپ بەگنىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ ئورغۇنلىغان يېغىلىقلارنى پەيدا
قىلىشى سەۋەبىدىن، تۇرپان رايونىنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن ئاستا سۈرئەتتە
كۆپىيىپ بارغان. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1886 ـ يىلى تۇرپان
رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى تەخمىنەن 41 مىڭ 704 كە يېتىپ،
1779 ـ يىلدىكى نوپۇسقا سېلىشتۇرغاندا، ئاران 6704 نوپۇس كۆپەيگەن.
بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، 1779 ـ يىلدىن 1886 ـ يىلغىچە
بولغان 107 يىل ۋاقىت ئىچىدە تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىدا
تۆۋەن سۈرئەتتە تەبىئىي كۆچۈيىشتىن باشقا ھېچقانداق كۆپىيىش بولمىغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
نوپۇسىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. مەسىلەن، گۇاڭ شۈينىڭ 34 ـ يىلى
(1908 ـ يىلى) پىچان ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىڭ 769 كە
يەتكەن. تۇرپاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 40 مىڭ 153 كە يەتكەن. بۇ ئىككى
جاينىڭ نوپۇسىنى قوشقاندا، بۇ مەزگىلدىكى تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 58 مىڭ 922 بولغان. شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن
ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئىشنى ئەمەلىي ئىش قىلىشتىن باشـ-
لاش»، «ئۆستەڭ چېپىپ بوز يەر ئېچىش»، «باج ـ سېلىقلارنى تەرتىپكە

بولدى جۇڭگۇاڭ شاھى سەككىز ياشىدا،
لەئىللىق تاجى ئەفرىدۇن باشىدا.
جەددى ئەلاسى ئىمىنخان شەخسۋاز،
جەددى ئېنىڭ مىرۋەلى بوزرۇكۋار.
ئەۋلىيا ئەۋلادىدىن ۋە ئەھيادىدىن،
خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئەۋلادىدىن.
1825 - يىلى جاھانگىر خوجا قوزغىلىڭى مەزگىلىدە مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ئۆلتۇرۇلىدۇ.

ئەفرىدۇن كىچىكىدىن تارتىپلا ئەخمەت غوجامنىياز قىسسۇرىدەك ئالىم، ئەدىپلەردىن تەلىم ئالغاچقا، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئىلىم - مەرىپەت گۈللەنگەن، ئىلىم يۇرتلىرى كۆپلەپ سېلىنىپ، ئۇ يەرلەرگە بېرىلگەن ۋەخپە يەرلەر كۆپەيتىپ بېرىلگەن. قوقەنتلىك تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگ شىنجاڭنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئەفرىدۇن ۋاڭنى قەشقەرگە چاقىرتىپ، ئۇنىڭ بېيجىڭ خانىغا تەييارلانغان سوۋغا - مال دۇنياسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى نەزەربەنت قىلغانلىقتىن، 1876 - يىلى قەشقەردە ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

1877 - يىلى تۇرپان رايونى چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئازات قىلىنىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى لۇكچۇندە قايتا چىڭۋاڭ تىكلىمەكچى بولۇپ، ئەفرىدۇننىڭ خانلىقتا مەلۇم قىلغان پەرزەنتى بولمىغاچقا، كىمنى چىڭۋاڭ قىلىش توغرىسىدا قاتتىق تالاش - تارتىش بولىدۇ. قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش ئارقىلىق ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ سەپەر ئۈستىدە ئالغان، بىراق ئوردىغا ئەكىلەلمىگەن ئايالىدىن تۇغۇلغان بىر ئوغۇلنىڭ بارلىقى ئېنىقلىنىپ، شۇنى تېپىپ كېلىدۇ. كىشىلەر پادىچى ۋاڭ دەيدىغان، جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىپ كەلگەن ماموت ئەنە شۇ. ئۇ 1881 - يىلى ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ، 1882 - يىلى خاننىڭ يارلىقى بىلەن چىڭۋاڭ بولىدۇ. ئۇ تۇرپان رايونىغا 18 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، 1900 - يىلى 6 - ئايدا

نوپۇسنى قوشقاندا، بۇ مەزگىلدىكى تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 107 مىڭ 841 گە يېتىپ، تۇرپان رايونىدىكى نوپۇسنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش دولقۇنىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە تۇرپاننىڭ ھازىرقى زامان نوپۇس تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاپ بەرگەن.

## 4 . § ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى

ئىمىن خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى سۇلايمان چىڭۋاڭ بولىدۇ. سۇلايماننىڭ ئىنىسى مۇسا 1759 - يىلى قەشقەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىنى ياخشى باشقۇرغانلىقى ئۈچۈن، فۇگوگۇڭ مەنسىپى بىلەن ئىلىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بىر قىسىم مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1778 - يىلى چيەنلۇڭ خان موسا گۇڭنى بېيجىڭغا چاقىرتقاندا، بۇنىڭغا ئىچى قوتۇرلۇق قىلغان سۇلايمان چىڭچىڭزىغا ئادەم ئەۋەتىپ، موسا گۇڭغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرتكۈزگەن. سۇلايماننىڭ مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن 1779 - يىلى ۋاڭلىق مەنسىپى ئېلىنىپ تاشلىنىپ، خۇسۇسىي مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان.

سۇلايماندىن كېيىن ئىسكەندەر، يۇنۇس، پەرىيدۇن، مۇھەممەت سەئىد، ئەفىرىدۇن، مامۇت، ئىمىن قاتارلىق كىشىلەر ئىمىن خوجىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، قەشقەر ۋە تۇرپان رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئىمىن خوجىدىن تارتىپ مۇھەممەت سەئىدقىچە يەنى 1759 - يىلدىن 1825 - يىلغىچە ئىمىن خوجا ئەۋلاتلىرى تۇرپان بىلەن قەشقەر رايونىنىڭ ھوقۇقىنى تەڭ يۈرگۈزگەن. مۇھەممەت سەئىد ۋاڭغا قەشقەرنىڭ ھاكىمبەكلىكى بېرىلگەندە، ئۇنىڭ 8 ياشلىق ئوغلى ئەفىرىدۇن لۈكچۈنگە ۋاڭ بولغان. بۇ ھەقتە شائىر ئەخمەت خوجامنىياز قىسسۇرى مۇنداق دەپ يازغان.

تۇردى. سۇلايمان ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىدۇر. نۇر مۇھەممەت چيەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 2 ـ سۇلايمان

1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرپان شەھىرىدىكى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىنى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتكەندىن بۇيان، نەچچە يۈز مىڭلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ مۇنار تۇرپان شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىگە تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئېگىزلىكى 440 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارغا يانداشتۇرۇلۇپ 3 قەۋەت ئىمارەت ئېگىزلىكىدە پەشتاق ۋە چوڭ جامە سېلىنغان. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئىسلام دىنىي ئۇسلۇبىدا سېلىنغان مۇنار بولۇپ، خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. ئۇنىڭدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا جىپسىلاشتۇرۇپ چىقارغان 14 خىل نەقىش كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل بۇرۇنقى ھۈنەر سەنئىتىنى نامايەندە قىلىدۇ. مۇنارنىڭ ئىچىدە بورما شەكىللىك 72 پەلەمپەي بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنارنىڭ ئەڭ ئىگىز چوققىسىدىكى گۈمبەزگە چىققىلى بولىدۇ. گۈمبەزگە ئېچىلغان كۆزنەكتىن تۇرپان شەھىرىنى تاماشا قىلغىلى بولىدۇ. مۇنارنىڭ كىرىش ئىشىكىگە بىر خاتىرە تاش ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنۇلار خاتىرىلەنگەن.

بۈيۈك چىڭ پادىشاھى چيەنلۇڭغا، خان ئائىلىلىرىنىڭ سابىق چاكىرى ئىمىن خوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن جاساق ×× سۇلايمان قاتارلىقلار بولىمىز. ئىمىن خوجا ×× ھىممىتىگە ئېرىشىپ 83 يىل ئۆمۈر كۆردى. ×× غەمخورلۇقىدا ھېچبىر ئاپەتكە ئۇچرىماي، پۇقرالار كۆچىيىپ، مال ـ ۋارانلار كۆپەيدى. خانىنىڭ بىزگە قىلغان ھىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر مۇنار ياسات-

ئۆرتەڭدە ئۆلىدۇ. مامۇتتىن كېيىن چوڭ ئوغلى ئىمىن چىڭۋاڭ بولىدۇ. ئىمىن قۇمۇل ۋاڭىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە غورۇرى دەپ-سەندە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ساراڭ بولۇپ قالىدۇ. 1933- يىلى قاچاق ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجىنى قوغلاپ، لۈكچۈنگە كەلگەندە، ئور-دىسىغا ئوت قويىۋېتىدۇ. ئىمىن ۋاڭ بىر نەپەر ئاشپېزى بىلەن ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلىدۇ.

ئىمىن خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ۋاڭلىق يىلنامىسى:

ئىمىن خوجا 1759- يىلدىن 1777- يىلغىچە، سۇلايمان 1777- يىلدىن 1779- يىلغىچە، ئىسكەندەر 1779- يىلدىن 1811- يىلغىچە، يۇنۇس 1811- يىلدىن 1814- يىلغىچە، پەرىدۇن 1815- يىلى، مۇھەممەت سەئىد 1816- يىلدىن 1827- يىلغىچە، ئەفرىدۇن 1827- يىلدىن 1873- يىلغىچە، مامۇت 1881- يىلدىن 1900- يىلغىچە، ئىمىن ۋاڭ 1932- يىلغىچە (ۋاڭلىق تەختىگە چىققان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.)

قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى 1933- يىلى تۇرپان ۋاڭلىقىنى ئۈزۈل - كېسىل گۇمران قىلىدۇ. ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇھەممەت سىيىت 1933- يىلدىن 1949- يىلغىچە ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىسىمۇ نامدا «سا چىڭ-ۋاڭ» دەپ ئاتالغان.

## 1 - نۇر مۇھەممەت

نۇر مۇھەممەت ئىمىن خوجىنىڭ تۇنجى ئوغلى. ئۇنىڭدا مەلۇم ھېسىپ-لىنىڭ بولۇشى مۇمكىن، تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان. نۇر مۇھەممەتنىڭ ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە خاتىرە يوق. (چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى) دە مۇنداق دېيىلگەن:

ئىمىن خوجا لەشكەرلىرى بىلەن بىر نەچچە يىل ئالدىنقى سەپتە ئىشلە-گەن. ئۇنىڭ ئوغلى سۇلايمان ۋە مۇسا ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىپ تۇردى. تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ئىشلىرىنى يەنە بىر ئوغلى غۇلامزاپ بېجىرىپ

داش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتلەردە مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پائالىيىتى «چىڭ ئۇردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» نىڭ 12 - ماددىسىدا بايان قىلىنىدۇ. چيەنلۇڭ 21 - يىلى (مىلادى 1756 - يىلى) چىڭ خانلىقى تۇرپان ئەتراپىدىكى زېمىنلاردا قوشۇن تەسىس قىلىپ باشقۇرىدۇ. جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە باش خوجدارلىق ۋەزىپىسىدە بولغان تارخان بەگ مەڭلىك ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش نىيىتىدە توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئىمىن خوجا لۇكچۈننى بازا قىلىپ، ئاممىنى يېتەكلەپ، توپىلاڭچىلارغا قارشى تۇرۇپ لۇكچۈننى قوغدايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوغلى سۇلايماننى قومۇلغا ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق لەشكىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ چيەنلۇڭ سۇلايماننى باتۇر، توغرا نىيەتلىك كىشى ئىكەن دەپ ماختاپ، ئۇنىڭغا گۇڭلۇق مەنسەپ (جاساق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان جايلاردا جاساق ئەمەلدارلىرىغا بېرىلىدىغان 5 - دەرىجىلىك مەنسەپ) بېرىدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق سانغۇن بۇ كۈيگە سۇلايماننىڭ يول باشلىشى بىلەن 500 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، ئىمىن خوجىغا ياردەم بېرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ كۈي لۇكچۈنگە كېلىپ جەڭ قىلغاندا مەڭلىك ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قېچىپ كېتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، زەربە بېرىشكە كۈچى يەتمەي، ئىمىن خوجىنىمۇ ئېلىپ قومۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار قومۇلدىن چىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، لۇكچۈنگە قايتىپ جەڭ قىلماقچى بولىدۇ. ئەسكەرلەر يول يېرىمىغا كەلگەندە تەسلىم بولۇشقا كېلىشۋاتقان مەڭلىككە ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ كۈي مەڭلىكنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. پادىشا چيەنلۇڭ بۇ كۈينىڭ تەسلىمگە كەلگەنلەرنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ھۆكۈم قىلىدۇ. مەڭلىك توپىلىڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئۇردىسى ئىمىن خوجىغا (چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى) بەيزىلىك مەنسىپى

تۇق. ئۇنىڭغا كەم ـ كۈتسىز 7000 سەر كۈمۈچ خەجلىدۇق. مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇش نىيىتىدە تاشقا خەت ئويدۇردۇق. بۇنداق قىلغىنىمىز خان ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىنىڭ 10 مىڭدىن بىرىگىمۇ تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى كىشىلەر بىلىپ قالسۇن.

چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

ئىمىن خۇجا چيەنلۇڭنىڭ 42- يىلى (مىلادى 1777- يىلى) ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مۇنار ئىمىن خۇجا ھايات ۋاقتىدىن باشلاپ سېلىنىشقا باشلىغان دېيىش مۇمكىن.

يۇقىرىقى خاتىرە تاش ئىمىن خۇجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىتىلغان، تاشقا ئويۇلغان خەتتە «. . . جاساق ×× سۇلايمان. . .» دېيىلىش ئەلۋەتتە مەقسەتلىك بوش قالدۇرۇلغان. چۈنكى «خان ئالىيلىرىنىڭ سادىق چاكىرى ئىمىن خۇجا دېيىلىپ، ئۇنىڭغا «جۈن ۋاڭ» دېگەن مەنسەپ بېرىلمىگان. ئۇنداقتىا سۇلايمان ئۆز ـ ئۆزىنى گۇڭ ياكى جۈن ۋاڭ دېگەن مەنسىپى بىلەن يېزىپ قالدۇرسىمۇ ئەلۋەتتە بولمايتتى. سۇلايماننىڭ نامى مۇنار بىلەن بىر- لەشتۈرۈپ، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى دەپ ئاتالغانلىقتىن، ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭلىق شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن سۇلايماننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ياكى ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. خواڭ جەنخۇا يازغان «ئىمىن خوجىدىن كېيىنكى تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىغا ۋە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاسا- سەن سۇلايماننىڭ ھاياتىغا دائىر ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلغىلى بولىدۇ.

سۇلايمان ـ ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇنىڭ ئاكىسى نۇرمۇ- ھەممەت بەجرۇھ، چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى (مىلادى 1761 ـ يىلى) ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ ئاتىسى ئىمىن خۇجا بىلەن بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ پەرمانى بىلەن ئەرەپمۇ تەرەپ يۇرۇپ جەڭگە قاتنىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغ-

كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۇرۇشىنى باشلىدى. سۇلايمان تۇرپاندىكى خەۋەرلىشىش ئۆتەڭلىرىنى سەييارە تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولۇپ، قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر بىلەن بىرلىكتە ئالاقە ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. جۇڭغار بۆلگۈنچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغاندا كۈچارغىچە قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىدۇ. كېيىن قىلىن قاردا يولىدىن ئېزىپ كېتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى 200 دەك لەشكەر ئەۋەتىپ، قالدۇق توپىلاڭچىلارنى تازىلايدۇ. سۇلايمانغا ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېتىشنى بويرۇيدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سۇلايماننىڭ ئەسكەرلىرىگە مۇكاپات تارقىتىپ، ئەسلىدىكى ئىشلىرىنى قىلىشقا قايتۇرىدۇ. چوڭ خوجا، كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش جەندىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، سۇلايمان گۇڭ ياردەمچى بەگ بولىۋاتقان ئىنىسى مۇسا بىلەن ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن 100 ئات يىغىپ ئىئانە قىلماقچى بولىدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ بەك تەسىرلىنىدۇ. لېكىن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان كۆپ يۆتكىلىپ جاپا چەككەنلىكىنى، مال - چارۋىلىرىنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىئانە قىلغان ئاتلارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (مىلادى 1766 - يىلى) بۈگۈر ناھىيىسىدىكى ئاھالىلار ھاكىمبەگ ئابلەي ئۈستىدىن، مال مۈلۈك، چارۋىلىرىمىزنى قاقتى - سوقتى قىلىپ تارتىۋالدى دەپ ئەرز قىلغاندا، قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق خان ئامبىلى ناشتۇڭ بىلەن بىرلىكتە سوراق قىلىپ چارە كۆرمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا سۇلايمان بۈگۈرنىڭ ۋاقىتلىق ھاكىمبېگى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. چىڭ ھۆكۈمىتى چيەنلۇڭنىڭ 27- يىلى (بىلادى (1762- يىلى) ئۈرۈمچىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقان ئەسكەرلەرگە ئىچكى ئۆلكىلەردىن دېھقانچىلىق سايمانلىرى يۆتكىمەكچى بولىدۇ، لېكىن ئۇنى يۆتكەپ كېلىشكە كېتىدىغان خىراجەت كۆپ بولغاچقا ئامال قىلالمايدۇ. تۇرپان گۇڭى سۇلايمان قول ئاستىدىكىلەرگە تۆمۈر رودىسى قازغۇزۇپ تۆمۈر تاۋلىتىدۇ. ئەسكەرلەر

بېرىدۇ. نەتىجىدە تۇرپاندا ھۆكۈمران باش خوجىدار تارخان بەگ مەڭلىك بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ئىككىنچى ھۆكۈمران ئىمىن خوجا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىن ئەۋەتىلگەن ئەمەلدار جاۋ خۈي پادىشاھ چيەنلۇڭغا مەلۇمات يېزىپ، تۇرپان زېمىنىنى، بۇ ئىككى ھۆكۈمرانغا بۆلۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئىمىن خوجا تال بۇلاق، نەنخۇل، تاخۇ، چىغتام، پىچاندىن ئىبارەت بەش جايغا ھۆكۈمران بولىدۇ. مەڭلىك تۇرپاننىڭ غەربىي چىگرىسى ئىلانلىقتىن، ئاستانىغىچە بولغان جايلارغا ھۆكۈمران بولىدۇ. ئىمىن خوجا خانغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئوغلى سۇلايماننى سالامغا ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. پادشاھ چيەنلۇڭ ئۇلارنىڭ جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلغىنىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆتەڭ ئارقىلىق بېيجىڭغا كېلىشنى تەستىقلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھەر 30 چاقىرىمغا بىردىن ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ، خەت ئالاقىلارنى راۋانلاشتۇراتتى. سەپەرگە چىققاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ئۆتەڭ ئارىلىقىدا مەخسۇس ئەسكەرلەر مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايتتى. ئەينى دەۋردە ئۆتەڭ بىلەن بېيجىڭغا بېرىش ناھايىتى چوڭ غەمخورلۇق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا ئائىلىسىدە سۇلايمان تۇنجى بولۇپ پادشاھ بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

شۇ يىلى (مىلادى 1756 - يىلى) مەڭلىك جوڭغار قالدۇقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. مەڭلىك چىڭ سۇلالىسى لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىنلار ئىمىن خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. شۇندىن تارتىپ ئىمىن خوجا پۈتكۈل تۇرپان زېمىنىنىڭ بىردىن - بىر ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (مىلادى 1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئاسىيلارنى باستۇرۇش سانغۇنى ئارخاشانگە ئون مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن كۇچارغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، چوڭ خوجا،

پەرمان چۈشۈرىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 42. يىلى (مىلادى 1777. يىلى) ئىمىن خوجا كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئېيتقاندا، سۇلايمان ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ جۇن ۋاڭلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، يەنە جىن گوگۇڭ، بەي زى، بەي لى، دۆلۇ بەيلى دېگەندەك 4 دەرىجە ئارىلىقى بار ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۇلايمان بىردىنلا 4 دەرىجە ئاتلاپ جۇن ۋاڭ بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمىن خوجىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، سۇلايماننى جۇن ۋاڭلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلدۇرىدۇ. سۇلايمان ۋاڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى خالىغانچە ئىش كۆرۈپ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ. چاكارلارنى ئاقتا قىلدۇرۇپ، ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، ئاھالىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالىدۇ. خوتۇن ـ قىزلار ئارىسىدىن ئۆزىگە خوتۇن تاللايدۇ. ئاھالىلار سۇلايمان ئۈستىدىن ئەرز بەرگەندە، پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ ئەنزىگە بەك كۆڭۈل بۆلۈپ، قانۇن بويىچە چارە كۆرۈشكە تاپشۇرۇپ، سۇلايمان قاتارلىقلارنى يالاپ، بېيجىڭغا ئەكىلىشنى بۇيرۇيدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلغاندا مۇنۇلارنى دېگەن: «ئىمىن خوجا كاشقى مەزگىلدە بىزگە ئىتائەت قىلغان. كېيىنچە ئۇ باش بولغان ئاھالىلارنى گۇاجۇ ناھىيىسىگە كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇردۇق، ھەربىي يۇرۇشتە خىزمەت كۆرسەتكەندە، ئەمەل ـ مەنسەپ بەردۇق. كېيىنچە ئۇلار ئۆزلىرى ياشىغان يۇرتقا قايتىپ كەلدى. تۇرپان ئەسلىدە جۇڭغارلارغا قاراشلىق زېمىن بولۇپ، گۇاجۇدىن قايتىپ كەلگەن ئاھالىلار ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئاھالىلار ئىدى. بۇ جاي مەڭلىككە قارايتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا مەڭلىك ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىمىن خوجىغا تەۋە بولدى. بۇنداق بولۇشى دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىدىن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، تۇرپانمۇ مۇشۇ زېمىندىكى مۇھىم ئۆتكەل. . . . بۇگۈنكى كۈندە سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزدى. مېنىڭچە، ئىمىن خوجىنىڭ ئەسلىدىكى يۇرتى ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشى كېرەك. قالغان

ساپان ياساشنى بىلەتتى. باشقا سايمانلارنى ياساشنى بىلمىگەچكە، تۆمۈرچىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشنى ئۆگەتتى.
چيەنلۇڭنىڭ 30- يىلى (1756- يىل) ئۇچتۇرپاندىكى خان ئامبىلى سۇچىڭ يەرلىك ئاھالىلارنى بوزەك قىلدى. ئاھالىلار قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، سۇلايمان قوشۇن باشلاپ ياردەمگە كەلدى. ئۇچتۇرپانغا بېرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن چىڭ ئوردىسى ئۇلارنى تاۋار - دۇردۇن بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 31- يىلى (1766- يىلى) سۇلايماننىڭ ئىنىسى موسا كېسەل بولۇپ 8- ئايدا ئۆلدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەسلىدە مۇسانى ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىك ۋەزىپىسىگە قويماقچى ئىدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئىمىن خوجىنىڭ 4 - ئوغلى ئىلەم زاپىنى ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئىلى ئىشخان بېگى ئاق بەگنىڭ ۋەزىپىگە ۋاقىتدا بارالمىغانلىقى سەۋەبىدىن، سۇلايماننى ئىنىسىگە ياردەملىشىپ ئىلىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرىشنى بېكىتتى. ھۆكۈمەت تەرەپ سۇلايماندىن پىكىر ئالغاندا خۇشاللىق بىلەن ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ، بىر ئىككى يىل ياردەملىشىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پادشاھ ئۇنى 4 توپ گەزمال بىلەن مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈردى.

چيەنلۇڭنىڭ 36- يىلى (مىلادى 1771- يىلى) تورغۇت قەبىلىسى روسىيىدىكى ۋولگىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزگە قايتماقچى بولدى. ئۇلار قايتىش سەپىرىدە چارروسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كۆپ جاپا چېكىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىغا كەلگەندە ئەھۋالى ئېچىنىشلىق بولۇپ، نامراتلىقتا ھېچنىمىسى قالمىغان ئىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى بارىكۆل، قومۇل، تورپاندىن ئۇلارغا مال - چارۋا ھازىرلاپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ. سۇلايمان مۇشۇ ۋاقىتتا لۈكچۈندە بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا مال - چارۋا جەھەتتە تورغۇتلارغا ياردەم بېرىش، چارۋىلارنىڭ سانى بويىچە ھەق بېرىش توغرىسىدا

## 3 ـ غۇلامزاپ

غۇلامزاپ ـ ئىمىن خوجىنىڭ 4 ـ ئوغلى. چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئىمىن خوجا چوڭ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە كۈچ چىقىرىدۇ. سۇلايمان بىلەن مۇسامۇ ئىش بېجىرىشتە كەسكىن بولۇپ، ئاتىسىغا ئەگىشىپ، ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ جەرياندا ۋاڭلىقنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى غۇلامزاپ باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غۇلامزاپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇردى. قول ئاستىدىكى ئاھالىلارنى كونترول قىلىشتا كۈچ چىقاردى، دەپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ ھەم ئىككىنچى جەرەكىلىك تۇز پېيى قادالغان ئەمەلدارلىق قالپىقى بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 31 ـ يىلى (1766 ـ يىلى) مۇسا كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ. بۇ چاغدا غۇلامزاپ ياردەمچى تەيجىلىك مەنسىپىدە ئىدى. مۇسا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. (بۇرۇن مۇسا ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى ئىدى) 1768 ـ يىلى ئىلىدىن يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئىشغال بېگى ئاق بەگ خىزمەت ئورنىغا مەلۇم ۋاقىتقىچە بارالمايدۇ. پادىشاھ چيەنلۇڭ سۇلايماننى غۇلامزاپقا ياردەملىشىپ بوز يەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇلايمان ئىنىسىغا ھەمكارلىشىپ ئىشلەش ئۈچۈن ئىلىدا بىر نەچچە يىلدەك تۇرۇپ قالىدۇ ھەم ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. غۇلامزاپنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە چيەنلۇڭ (1782 ـ يىلى) مۇنداق دېگەن: «غۇلامزاپ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، بوز يەر ئاچقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق، سېلىقىنى تاپشۇرۇش ئىشىنى مۇۋاپىق باشقۇردى. ھاكىمبەگ غۇلامزاپنىڭ ھازىرقى دەرىجىسى 1 ـ جەرەكىلىك بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلى مىلىكزاتقا 5 ـ جەرەكىلىك مەنسەپ قالپىقىنى بېرىش كېرەك. ئۇلار ھەر

زېمىننى ئايرىپ چىقىپ باشقا بىر ھاكىمبەك قويۇش لازىم.»

چيەنلۇڭنىڭ 44ـ يىل 1ـ ئايدا (مىلادى 1779ـ يىلى) سۇلايمان بېيـ-جىڭغا يالاپ كەلتۈرۈلىدۇ. ھەربىي ۋەزىر ئۇنى سوراق قىلىپ، چاكىرىنى ئاختا قىلىپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغىنى قاتارلىق جىنايەتلىرىنىڭ ھەقىقىي راستلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدۇ. بەلگىلىمە بويىچە جۇن ۋاڭلىق مەنسەپـ-دىن قالدۇرۇۋېتىشكە توغرا كېلەتتى. پادىشاھ چيەنلۇڭ يەنىلا ئىمىن خوجىـ-نىڭ تۆھپىسىنى ئېسىدىن چىقىرالماي، ئۇنىڭ مەنسىپىنى بەي لىلىككە تۆۋەنلىتىپ، بەي لىلىك دەرىجىسى بويىچە 5 يىللىق جەرىمانە قويۇپ، بېيجىڭدا ئولتۇراقلىق بولۇشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭغا قاراشلىق زېمىنغا جاساق تەيىن قىلىپ، سۇلايمان جەمەئەتىدىن بىر ئەمەلدار قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. شۇ يىلى سۇلايماننىڭ ئىنىسى ئىسكەندەر جۇن ۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. يۇقىرىقى بايانلاردىن بىر ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ. يەنى ۋاڭلىق ئوردا ئەزەلدىن تارتىپ لۈكچۈندە بولۇپ، تۇرپانغا ۋاڭلىق ئوردا سېلىنمىغان. ئىمىن خوجا 1756ـ يىلدىن 1777ـ يىلغىچە تۇرپاندا، قەشقەردە ۋاڭلىق مەنسىپى بىلەن ھاكىمبەگ بولىدۇ. ئوغلى سۇلايمان دەۋرگە كەلگەندە ئاران بىر يىلدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، جازالىنىدۇ. ئەسلىدىكى مەڭلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تۇرپان ئايرىم ناھىيە قىلىنىپ، باشقا بىر ھاكىمبەگ ھۆكۈمران بولىدۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر جۇن ۋاڭلىققا قويۇلـ-غان بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋارىسلار پەقەتلا لۈكچۈن، پىچان، يەكەن، قەشقەر ئەتراپىغىلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇڭا تۇرپاندا بىر مۇناردىن باشقا ۋاڭلارغا ئائىت قۇرۇلۇشلار قىلىنمىغان.

## 5 ـ بەھرام

بەھرام ـ ئىمىن خوجىنىڭ 8 ـ ئوغلى. چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرىدە بەھرام توغرىلىق يېزىلغان ماتېرىيال بەك ئاز. پەقەتلا جياچىڭ 20 ـ يىلى (مىلادى 1815 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ـ يۇنۇس جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. بۇ چاغدا كىمنى ئۇنىڭ ئورنىغا جۇنۋاڭ قىلىش مەسىلىسىدە بەھرامنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان. سۇڭ چۈن يازغان دوكلاتتا غۇلامزاپىنىڭ 5 ـ ئوغلىنى جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلدۇرساق، دېيىلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئىشلارنى ئەمەلىي قىلغان، كۆپنى كۆرگەن، خەنزۇچە يېزىقنى پۇختا ئىگىلىگەن، دېيىلگەن. بۇنىڭغا قارىتا پادىشاھ جيا چىڭ «سۇلايمان، يۇنۇسلار جىنايەت ئۆتكۈزدى دېگەن بىلەن جۇنۋاڭلىققا ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادى ۋارىسلىق قىلىش كېرەك» دېگەن بۇنىڭدىكى سەۋەب: ئىمىن خوجىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى كۆزدە تۇتۇش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجىنىڭ 7 ـ ئوغلى پەرىدۇن بىلەن بەھرامدىن بىرنى جۇنۋاڭ قىلىش قارار قىلىنغان. نەتىجىدە پەرىدۇن جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىشقا تاللانغان. شۇنىڭدىن كېيىن بەھرام ھەققىدە ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات قالمىغان.

## 6 ـ ئىسكەندەر

ئىسكەندەر ـ ئىمىن خوجىنىڭ 6 ـ ئوغلى بولۇپ، چيەنلۇڭنىڭ 44ـ يىلى (مىلادى 1779 ـ يىلى) جۇنۋاڭلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 53 ـ يىلى (1788 ـ يىلى) چيەنلۇڭ مۇنۇلارنى دېگەن: «تۇرپان جۇنۋاڭى ئەسكەندەر ئالدىنقى قېتىم ئوردىغا كەلگەندە، قابىلىيەت جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەندەك بىلىندى. قەشقەرنىڭ 3ـ جەرىكلىك ھاكىمبېگى ئوسمان كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ئورنى بوش قالغان ئىدى.» ئىسكەندەر قەشقەرگە بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭ تۇرپاندىكى ھاكىمد-

ئىككىلىسى مېنىڭ غەمخورلۇقىمدىن مىننەتدار بولۇپ، بارلىق ئىشلاردا كۆ-ڭۈل قويۇپ داۋاملىق تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»

كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غۇلامزاپقا 1 - دەرىجىلىك تەيجى مەنسىپى بېرىپ، ئۇنى رىغبەتلەندۈردى. شۇندىن كېيىنكى ماتېرىياللاردا غۇلامزاپ توغرىسىدا تولۇق مەلۇمات يوق.

## 4 - ئىسراپىل

ئىسراپىل - ئىمىن خوجىنىڭ 5 - ئوغلى. 1766 - يىلى مۇسا ئۆلگەندە، ئۇنىڭ قېپ قالغان ھاكىمبەگلىك ئورنىغا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غۇلامزاپنى تەيىنلەپ قويىدۇ. غۇلامزاپتىن بوش قالغان ياردەمچى ھاكىمبەگ-لىككە چيەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى (مىلادى 1771 - يىلى) ئىسراپىل تەيىنلىنى-دۇ.

1799 - يىلى تۇرپان جۇنۋاڭى سۇلايمان جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەسلى مەڭلىك خانغا تەۋە بولغان يەر - زېمىنلەرنى (سۇلايمان باشقۇرغان ئىدى) سۇلايمان جۇنۋاڭ-دىن تارتىۋېلىپ، باشقا ھاكىمبەككە بەرمەكچى بولىدۇ. بۇ چاغدا ئىسراپىل چىڭ خانىغا «باشقا ھاكىمبەگ قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق. يەنىلا ئەسلىدىكى ھاكىمبەگلەر ئۆزلىرىمىزنىڭ ئاھالىسى ۋە يەر - زېمىنىنى باشقۇرسا» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 53 - يىلى (مىلادى 1788 - يىلى) ئىسكەندەر قەشقەرنىڭ 3 - جەرەكلىك ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئىسراپىل تۇرپان-نىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. چىڭ ئوردىسى تۇرپان خان ئامبىلىغا «ئىسراپىل-نىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش» نى تاپشۇرىدۇ. ئىسراپىلنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ماتېرىيال يوق.

1759 ـ يىلى شىنجاڭدىكى چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، چوڭ خوجىنىڭ ئوغلى سامساق ئەنجان بۇخارا قاتار-لىق جايلارغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ، قەشقەردىكى خوجىلار بىلەن خۇپيانە ئالاقىلىشىدۇ. ھەمدە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزى ئۈچۈن باج سېلىق يىغدۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىدۇ. ئىسكەندەر مىڭ لىياڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە سامساق تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بارات دېگەن كىشى-نى تۇتىۋالىدۇ.

ئۇلارنىڭ پادىشاھىغا بولغان ساداقەتلىكىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن بېي-جىڭ خان ئۇلارنى داخېباۋدىن بىر جۈپ، شياۋخېباۋدىن ئىككى جۈپ بېرىپ مۇكاپاتلايدۇ. چيەنلۇڭنىڭ 58 ـ يىلى (1793 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا چيەنلۇڭ خان مىڭ لىياڭ قاتارلىقلارنىڭ ئوردىغا يازغان مەكتۇبىدا ئىسكەندەرنىڭ نام ـ ئەملى يېزىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق نارازى بولىدۇ ھەم ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسكەندەر مېنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق ئەمەلدارىم. جۇڭغارلىق ئىشلىرىمنى جايىدا بېجىرىپ كەلگەن ئىدى. مەن بۇرۇنلا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولسىلا، مەكتۇبلاردا ئۇنىڭ نامى يېزىلىشى كېرەك ئىدى، دېگەن. مۇشۇ نۆۋەتتىكى ئىككى پارچە مەكتۇپ ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىزمىكەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ نام ـ ئەملى يېزىلمايدۇ؟ ئەمدىلىكتە ئىسكەندەر خان ئامبىلىنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچىسى بولىدۇ. شۇڭا بارلىق مەكتۇپلارغا ئۇنىڭ نام ئەملى يېزىلى-شى كېرەك.» ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەرگە نەسىھەت قىلىپ مۇنۇلارنى يازغان: «بۇنىڭدىن بۇرۇن يۈسۈپ قومۇللۇق ئۇيغۇر ئىدى. ئىمىن خوجا تۇرپانلىق ئۇيغۇر ئىدى. ئۇلار ئۆز يۇرتلۇقلىرىغا يان بېسىپ، يەرلىك ئۇيغۇرلارنى بوزەك قىلدى. بۇگۈنكى كۈندە ئىسكەندەر خان ئامبىلىنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچىسى بولۇشى ئەتىۋارلىغىنىمدىن بولدى. مېنىڭ ھىممىتىمگە ياخشى جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسكەندەر ئۆزىگە قاراشلىق

يەت ئىشلىرىنى ئىنىسى ئىسرائىل ياردەملىشىپ بېجىرىدىغان بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسكەندەرگە 100 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئائىلە-سىنى كۆچۈرۈش ئىشىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدۇ. ئىس-كەندەر ئەسلىدە جۇنۋاڭ دېگەن مەنسەپتە بولغىنى ئۈچۈن، پادىشاھ تەرىپىدىن تەستىقلانغان ئىدى. لېكىن دەسلەپتە قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغىنىدا، مىڭ لىياڭ، بوشىڭلاردىن يولىيورۇق سوراشقا قالدۇرۇلىدۇ.

چيەنلۇڭ يىلنامىسىنىڭ 53 - يىلى (1788 - يىلى) 8 - ئايدا پادىشاھ چيەنلۇڭ، مىڭ لىياڭنى ھەر قايسى مەكتۇپلارنى يوللىغاندا، ئىسكەندەرنىڭ نام - ئەمىلى يېزىلمىغانلىقىغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسكەندەر ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى بولۇپ جۇنۋاڭ بولدى. ئۇنىڭ مەنسىپى بىر قەدەر يۇقىرى. بۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا يېزىلغان بارلىق مەكتۇپلاردا مىڭ لىياڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ نام - ئەمىلى يېزىلىشى كېرەك» شۇنىڭدىن كېيىن چيەنلۇڭ يەنە مەنسەپ تەرتىپىنى ئورنىتىش بەلگە-لىمىسىنى چىقىرىدۇ. «ئىسكەندەر ھەمدە كونا مەنسەپداردىن جۇن ۋاڭلىق مەنسىپىدە بولغانلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى رەت تەرتىپى جەھەتتە مىڭ لىياڭ-نىڭ ئارقا رېتىدە بوشىڭ تۇرىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ رەت تەرتىپى ئۇنىڭ كەينى-دە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەيدۇ.

چيەنلۇڭنىڭ 54 - يىلى (1788 - يىلى) 11 - ئايدا ئىسكەندەر بېيجىڭغا بېرىپ چىڭ ئوردىسىغا سالام قىلىدۇ. شۇ يىلى تۇرغۇتلار «سودىغا كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنى تارتىۋالىدۇ» مىڭ لىياڭ قاتارلىقلار ھەرى-كەتلىنىپ، ئۇلارنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، كاتتىبېشى پولات قاتارلىقلارنى قولغا ئالىدۇ. چىڭ خانلىقى پادىشاھى «بۇ ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش بوپتۇ» دەپ مىڭ لىياڭ، ئىسكەندەر قاتارلىقلارغا نىلۇ-پەر نەقىشلىق مارجاندىن بىرنى، دا خېباۋدىن بىر جۈپ، شياۋخېباۋدىن 4 دانە ھەدىيە قىلىدۇ.

بولدى» دەپ ماختايدۇ.

چيەنلۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر بەك قايغۇرىدۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ ھىممىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئائىلىسىدىكىلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ئىچكى زېمىننىڭ ئادىتى بويىچە قارىلىق تۇتىدۇ. پادشاھ جيا چىڭ بوتى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئوغلى يۇنۇسنى پايتەختكە بېرىپ، پادشاھ چيەنلۇڭنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشقا قوشۇلىدۇ. جيا چىڭنىڭ 10 - يىلى (1805 - يىلى) ئىسكەندەر بېيجىڭغا بېرىپ، ئوردىغا سالامغا كىرىدۇ. گۇي تەي راۋىقىغا چىقىپ سەيلى تاماشا قىلىدۇ. قەشقەرنىڭ 3 - جەرەكلىك ھاكىمبېگى ئىسكەندەر قاتارلىق 4 كىشى غەربىي قۇۋۇق سىرتىدا سالام بېرىدۇ ھەمدە باۋخې گۇڭ سارىيىدا زىياپەتكە قاتنىشىدۇ. تورپان جاساق ۋاڭى ئىسكەندەر ئادەت بويىچە ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئالىدۇ.

جيا چىڭنىڭ 16 - يىلى (مىلادى 1811 - يىلى) ئىسكەندەر كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن 300 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىدۇ. ئىسكەندەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغلى يۇنۇس جۇنۋاڭلىققا تەيىنلىنىدۇ.

## 7 - يۇنۇس

يۇنۇس - ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى بولۇپ، تورپاندا ئاتىسىنىڭ ئورنىغا جۇنۋاڭ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرگە بېرىپ، ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەنگەن. ھەم شۇ جاينىڭ خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋە مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ جيا چىڭنىڭ 17 - يىلى پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ، خاننىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ۋە پادشاھنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. يۇنۇس قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بولغاندىن كېيىن، چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ تىرىلىش كۈچلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئېغىر خەۋپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا ئۇچۇق ۋە يوشۇرۇن ھالدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، يېرىم يىلغا يەتمىگەن

تۇرپانلىقلارنى قاتتىق باشقۇرۇشى، ھۆكۈمەت ئىشىدا دىيانەتلىك بولۇشنى، قەشقەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسىنى ھەرگىزمۇ بوزەك قىلماسلىقى، ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ ئىشلىشى، ئۆز مەنپەئىتىگە بېرىلمەسلىكى كېرەك. مۇ- شۇنداق قىلغاندا كىشىلەر چىن كۆڭلىدىن قايىل بولىدۇ. مېنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىمگە ئۆزاققىچە ئېرىشەلەيدۇ» دېگەن.

چيەنلۇڭنىڭ 59 - يىلى (1794 - يىلى) چىگرا ئۆتنىگى تەكشۈرگۈچى خۇ جىنشاۋ، ساجىت قاتارلىقلار ئەنجانلىق سودىگەرلەر بىلەن بىرلىشىپ ساختىپەزلىك قىلىدۇ. چيەنلۇڭ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، «چىرا ئۆتەڭلە- رىدىكى لەشكەر - ئەمەلدارلار، سودىگەرلىك چىگرادىن كىرىپ چىقىشنى تەكشۈرىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خىيانەت قىلغان، پارا ئالغان ئەنجانلىق سودىگەرلەر بىلەن كېلىشىۋېلىپ، ماللارنى ئاز تىزىملاش ئارقىلىق باجنى كېمەيتكەن. ئۇلار مۇشۇ توغرىسىدىكى قانۇننى كۆزگە ئىلمىغان. مۇشۇ ئەنزىگە چېتىشلىق كىشىلەرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دەپ جىددىي يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئىسكەندەر يوشۇرۇپ قويغان ماللارنى جىددىي سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ چىقىشتا ناھايىتى جاپالىق ئىشلەيدۇ. شۇڭا پادشاھ چيەنلۇڭ ئىسكەندەرنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇ يىلى ئىسكەندەر بېيى- جىڭغا بېرىپ پادىشاھنى تاۋاپ قىلىدۇ. چيەنلۇڭ پادشاھ زىياپەت بېرىپ، ئىسكەندەرنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ھەمدە «سېرىق بەلباغ» ھەدىيە قىلىدۇ.

1796 - يىلى پادشاھ جيا چىڭ تەختكە ئولتۇرىدۇ، چيەنلۇڭ شاھىنشاھ بولىدۇ. «شاھىنشاھ چيەنلۇڭ گوي تەي راۋىقىدا تۇرپان جۈنۋاڭ ھاكىمبېگى ئىسكەندەر قاتارلىقلارنىڭ كۆرۈشۈشكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. غەربىي قۇ- ۋۇق سىرتىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. جيا چىڭنىڭ 2 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «شاھىنشاھ چيەنلۇڭ بىنەپشە نۇر راۋىقى» دا تۇرپان جۈنۋاڭى، قەشقەر ھاكىمبېگى ئىسكەندەر قاتارلىق 16 كىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلار شەرىپىگە زىياپەت بېرىدۇ. ھەمدە «سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا نەتىجە كۆپ

تىنىڭ شېرىكلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوقان كۆتۈرۈپ، شاھ دوست ئۈچۈن داد - پەريات ئېيتىشىپ، دۇنيادا سامساقنىڭ ئوغلى دېگەن بۇنداق ئادەم يوق دەپ جار سالىدۇ. ياندۇرۇپ يۇنۇسقا بوھتان چاپلاپ، ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئېلىپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يالغان جىنايى پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شاھ دوست قاتارلىقلارنى ناھەق ئۆلتۈردى، دەپ شىكايەت قىلىشىدۇ. سۇڭ يەن بۇ گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئوردىغا دەرھال مەكتۇپ يوللاپ، يۇنۇسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى سۇڭ يەننىڭ يۇنۇس توغرىسىدىكى ئەيىبنامىسىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، يۇنۇسنىڭ تۆھپىكار ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئىلىغا يالاپ ئاپىرىپ، ئۆمۈرلۈك قاماققا ئالىدۇ. ئەمما يۇنۇسنىڭ ئايالى سىكىنىخانغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ.

سۇڭ يۈەن يۇنۇسنى ئەيىبلەپ، ناھەق ئەنزە پەيدا قىلىدۇ ھەمدە سامساقنىڭ ئوغلى يوق دەپ تۇرىۋالىدۇ. لېكىن بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا سامساقنىڭ ئوغلى جاھانگىر قەشقەرنىڭ چېگرىسىغا بېسىپ كىرىشكە باشلايدۇ. چېگرا قاراۋۇلخانىسى ئارقا - ئارقىدىن مەلۇمات يوللىغاچقا، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋەزىرلىرى بۇ ئىش ئۈستىدە باش قوشۇپ مۇزاكىرە قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلاردا ئىختىيارسىز ھالدا سۇڭ يۈەن سامساقنىڭ ئوغلى يوق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئىدى. ئەمدى قانداقسىگە بار بولۇپ قالدى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئىلى جياڭجۈنى بولغان چىڭ شياڭ ئۆزى قەشقەرگە بېرىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ئۇقىدۇ. 1810 -، 1824 - يىلى ۋە 1825 - يىللىرى جاھانگىر خوجا قوقەن فېئوداللىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قەشقەر چېگرىسىغا كەينى - كەينىدىن پاراكەندىچىلىك سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە تەۋرىنىش ۋە ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلىدۇ. ئامالسىز

ۋاقىت ئىچىدىلا شاھ دوست، ھوشۇر، ئەمەر، موللا سوفى قاتارلىق 4 كىشىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەن خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن سامساقنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان جىنايى پاكىتلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بۇ ئەھۋالنى ئوردىغا مەلۇم قىلغاندىن كې-يىن، بۇ تۆت كىشىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. شۇڭا يۇنۇس پادىشاھ جىيا چىڭنىڭ تەقدىرلىشىچە مۇيەسسەر بولىدۇ.

خوجىلارنىڭ تىرىلىش كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ئۈچۈن، يۇنۇس يەنە خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىز - دېرىكىنى سۈرۈشتۈرۈشكە قوقەنگە ئادەم ئەۋەتىپ، خوجا ئەۋلاتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا قوقەن بېگى ئۆمەر بىلەن سۆزلىشىدۇ. بۇ چاغدا قوقەن خانلىقى كېڭەيمىچىلىك داۋامىدا قۇدرەت تېپىۋاتقان، قوقەن سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى شەھەر-لەردە كۆپلەپ قاتىراپ يۈرگەن بولۇپ، قوقەن بېگى ئۆمەردىمۇ شىنجاڭغا نىسبەتەن كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى پەيدا بولغان ئىدى. 1814 - يىلى ئۆمەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سامساقنىڭ ئوغلى جاھانگىر خوجا قەشقەرگە بېسىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئۇنى توسۇپ قايتۇرىۋەتكەنلىكىنى دوك-لات قىلىدۇ ۋە بۇنى باھانە قىلىپ، قەشقەردە سودا - سېتىق قىلىدىغان سودىگەرلەرنى باشقۇرۇشقا ئاق سۆڭەك ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. روشەنكى بۇنىڭدا خوجا ئەۋلاتلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى پەش قى-لىپ، قىستۇرۇلۇپ كىرىش مەنىسى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىك ئىدى. بۇ ھال چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. شۇ چاغدىكى ئېلى جياڭجۈنى سۇڭ يۈن ئاق قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا يۇنۇستىن غەزەپلىنىپ، ئۇنى «بىھۇدە ئىشقا ئارىلىشىپ، بىزنى ئاھانەتكە قالدۇردى» دەپ ئەيىپلەپ، يولسىزلىق بىلەن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ ھەمدە يۇنۇسنىڭ پۇقرالارنى ئەز-گەن جىنايەتلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، دەپ داۋراڭ سالىدۇ. شاھ دوس-

## 9 ـ مۇھەممەت سەئىد

مۇھەممەت سەئىد ـ پەرىدۇننىڭ ئوغلى بولۇپ، جيا چىڭنىڭ 24 ـ يىلى جۇڭۋاڭلىق مەنسىپى بېرىلگەن ھەم قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

## 10 ـ ئەفرىدۇن

ئەفرىدۇن ـ مۇھەممەت سەئىدنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، داۋگاڭنىڭ 7 ـ يىلى جۇڭۋاڭلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغان. داۋگاڭنىڭ 15 ـ يىلى (مىلادىدىن 1838 ـ يىلى) ئەفرىدۇن تۇرپان شەھەر قورۇلىشىنى ياساشتا ئىئانە بېرىپ كۈچ چىقارغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن پۇپۇكلۇك تاج بىلەن مۇكاپاتلىنغان.

ئەفرىدۇن 1821 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، داۋگاڭنىڭ 12 ـ يىلى پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ، چىڭ پادىشاھىغا سالام بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ ئوردىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە قارىتا «ئەفرىدۇننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى سۇلالىمىزنىڭ ھىممىتىدىن بەھرىمان بولغان ئىدى. ئۇ جۇڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن بۇيان، ئاستانىگە (بېيجىڭغا) كېلىپ باقمىدى. ئەمدىلىكتە مۇشۇ يىلى ئوردىغا سالامغا كەلگۈچىلەر بىلەن بىرگە پايتەختكە كېلىشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ سەمىمىي سادىقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ يىل ئوردىغا سالامغا كېلىدىغان بەگلەر بىلەن بىرلىكتە پايتەختكە كېلىپ سالام بەرسە بولىدۇ» دەپ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىدۇ. 2 ـ يىلى ئەفرىدۇن بېيجىڭغا كېلىپ پادىشاھقا سالام بېرىدۇ. داۋگۇاڭ خان ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ھەم 3 ـ دەرىجىلىك پۇپۇكلۇك تاج ئىنئام قىلىدۇ.

داۋگۇاڭنىڭ 27 ـ يىلى (مىلادىدىن 1847 ـ يىلى) جوڭغارلارنىڭ نەۋرىسى مەمەت ئىمىن ۋە ئىلىخان باشچىلىقىدىكى يەتتە خوجا 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر شەھىرى خوجىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر يېڭى شەھەر جىددىي

قالغان پادىشاھ داۋگۇاڭ شۇ چاغدىلا ئاندىن يۇنۇسنى ئېسىگە ئالىدۇ. يۇنۇس-
ئىلىدا 5 يىل قامىلىدۇ. 1819 - يىلى يۇنۇس قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن
تۇرپانغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۇنى 4 يىل قاتتىق
تەقىپ ئاستىغا ئالىدۇ. پادىشاھ داۋگۇاڭ ئىلى جياڭجۇنى چىڭ شياڭغا يۇنۇس-
نى تۇرپاندىن ئىلىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ قەشقەر ئالدىنقى سېپىدە ئىشلەيدىغا-
نلىقىنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشنى تاپشۇرىدۇ. بۇ چاغ-
يۇنۇس توققۇز يىل قامالغان، تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ ئۇستى-
ئايالىمۇ ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. لېكىن خانىۋەيران بولۇش ئازابى ئۇنىڭ
ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىغان، نا ئادىل مۇئامىلىسىمۇ ئۇنىڭ ئېتقادىنى ئۆز-
گەرتەلمىگەن ئىدى. ئۇ چىڭ ئوردىسىنىڭ يارلىقىنى ئاڭلاپ، «ناھايىتى
مىننەتدار بولۇپ» ئەمەلدىن قالغان بەگ سالاھىيىتى بىلەن قەشقەر ئالدىنقى
سېپىگە دەرھال ئاتلىنىدۇ. ئۇ يەردە ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ،
جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى پارچىلاش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلە-
دۇ. بەختكە قارشى 1826 - يىلى كۈزدە جاھانگىر خوجا قوقەن تاجاۋۇزچى
قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىدۇ. قەشقە-
قولدىن كەتكەندىن كېيىن، يۇنۇس قۇربان بولىدۇ.

كېيىن چىڭ سۇلالىسى يۇنۇسقا 3 - دەرىجىلىك تەيجى، 1 - جەرەكلىك
مەنسەپدار دېگەن مەرتىۋىلەرنى بېرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا 1 - دەرىجىلىك تەيجى
قاتارىدا نەپىقە بېرىدۇ. لېكىن سۆڭ يۈەننىڭ يۇنۇسقا چاپلىغان بەتناملىرى
باشتىن - ئاياق ئاقلانمايدۇ.

## 8 - پەرىدۇن

پەرىدۇن - ئىمىن خوجىنىڭ 7 - ئوغلى بولۇپ، خېلى بۇرۇنلا تەيجىلىك
مەنسىپى بېرىلىپ تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقان. جيا چىڭنىڭ 4 - يىلى (مىلادى
1819 - يىلى) جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىپ، 1 يىلغا يېقىن تەختكە ئولتۇر-
غاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

## 11 ـ زوھورىدىن

زوھورىدىن ـ نۇرمۇھەممەتنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، زوھورىدىن چوڭى، ئۇنىڭدىن كىچىكى ناسىردۇر. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى لۇكچۇندە تۇغۇلغان. ئاتىسى نۇر مۇھەممەت ئۇلار كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. زوھورىدىن بىلەن ناسىرلار چوڭ دادىسى ئىمىن خوجىنىڭ ئوردىسىدا چوڭ بولغان.

زوھورىدىن كىچىكىدىنلا زېرەك بالا بولۇپ، دەسلەپ ئوردا موللىسىدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىگە كىرىپ تىرىشىپ ئۆگىنىپ بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا خېلى چوڭقۇر بىلىم ئالغان. دىنىي كىتابلاردىن باشقا سوپى ئاللايار، ناۋائى، فىسسۇرى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇغان. پارسچە ئۆگىنىپ، پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان، ئەرەپچىمۇ ئۆگەنگەن.

زوھورىدىننىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سەئىد چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن تۇرپان ۋاڭلىقىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. مۇھەممەت سەئىد زوھورىدىننى ئۆزى بىلەن بىرگە قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئوردا ئىشلىرىغا ھەمكارلاشتۇرىدۇ. بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ شەھربانۇ ئىسىملىك ئايالىدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ئەفرىدۇن دەپ ئات قويۇلىدۇ.

ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قەشقەر خەلقى تاغدىكى قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. غەزەپكە كەلگەن خەلق ۋاڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ، زالىم ئەمەلدارلارنى توقماق ـ چوماق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ. جۈملىدىن مۇھەممەت سەئىد ۋاڭمۇ خەلق تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىت 1827 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

قوزغىلاڭ باشلىنىشتىن بۇرۇن، مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ، ئوغلى ئەفرىدۇننى بىر قانچە كىشىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا تۇرپانغا ئەۋەتىدۇ. ئەفىرى-

تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان تۇرپان جۇڭۋاڭى ئەفرىدۇن ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەر ئۈچۈن ماددىي جەھەتتىن كۈچ چىقىرىشنى ۋە ئالدىنقى سەپ ئۇرۇش رايونىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن يول يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ ئالدىنقى سەپكە بېرىشىغا قوشۇلمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەفرىدۇن ئۆز تەۋەسىدىكى خەلقلەر ۋە چىرىكلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن، ھارۋا، قورال-جابدۇق، ئاشلىق قاتارلىق ماددىي بويۇملارنى تەييارلاتقۇزۇپ، ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى تۇرپان جۇڭۋاڭى ئەفرىدۇننىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرىدۇ. جەنفىڭ 1851 - يىلى ئەفرىدۇن نەۋرىسى سوۋۇرنى ئېلىپ پايتەخت بېيجىڭغا بېرىپ، پادىشاھنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا چىڭ ھۆكۈمىتى «باشقا جايلارنىڭ يىل نۆۋىتى بىلەن بېيجىڭغا كېلىپ، پادىشاھقا سالام بەرسە بولىدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. تۇڭجىنىڭ 3 - يىلى 12 - ئايدا (مىلادى 1865 - يىلى 1 - ئايدا) قوقەنلىك ياقۇپ بەگ ئېلىمىز چېگرىسى ئىچىگە بېسىپ كىرىپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇ ئەفرىدۇننى قەشقەرگە چاقىرتىپ ئۇنىڭ بېيجىڭ خانىغا تەييارلاپ قويغان بارلىق سوۋغا - سالاملىرىنى تارتىۋالىدۇ ھەم ھەبسىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن دىلى قاتتىق ئازار يېگەن ئەفرىدۇن ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭ بولۇپ قالىدۇ ھەم 1872 - يىلى ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىش ئۈستىدە شىنجاڭنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدارى ياڭ زېڭشىڭ ئىزدىنىپ «تۇڭجى دەۋرىدە شىنجاڭ راسا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاڭى (تۇرپان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋاڭى ئىمىن خوجا) نىڭ پۇشتى ئەفرىدۇن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭغا سۇيۇرغان قىلىنغان زېمىنلار يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ ئېلىندى. كېيىن باش ۋالى ليۇ جىنتاڭ مۇشۇ ۋاڭنىڭ ئەۋلادى مامۇتنى ئىزدەپ تاپتى. ھەم ئوردىغا، ئۇنى مەنسەپكە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ھەققىدە مەلۇمات يازدى[33]» دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

بەلگىلەيدۇ. مەدرىسىتە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ. ھىجرىيە 1255- يىلى (مىلادى 1839 - يىلى) زوھۇردۇن قەشقەر شەھرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش بىلەن بىللە، قەشقەر تاشقارقى شەھىرىگىمۇ سېپىل سوقتۇرۇپ، 400 يىلدىن بۇيان شەھەرنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان مەھەللىلەر بىلەن قەشقەر ھېيتكار جامەسىنى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزىدۇ ھەم ھېيتكار جامەسىگە مۇناسىپ ھالدا يېڭى تۈس بېرىپ كۆركەملەشتۈرۈپ، بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرىدۇ. قىسقىسى زوھۇرىدۇن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان 20 نەچچە يىل ئارىيىدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى كېڭىيىپ، ئۆرۈن، چوڭ ئۆستەڭلەرنى چاپتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرگەن. ئىلىم - مەرىپەت، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويغان. يەنە قەشقەر خەلقىگە پايدىلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. بۇ ھەقتە شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەش تارىختىي پەيغەمبەر،
يېنا قىلدۇردى شەھەرنى شاھ زوھرىدىن بەلەن ئەختەر.
رئايە خىلنىڭ ھالىغا رەھىمە ئەيلەپ ھاۋادىسىدىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم كى گويا سەئىدى ئىسكەندەر.

زوھۇرىدۇن قەشقەردە ئىشلەۋاتقان پەيتتە تۇرپان ۋاڭى ئەفىردۇن زوھۇردۇنغا خەت يېزىپ، بىر قانچە كىشىنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام بىلەن قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۆز خېتىدە: ئاكا ھاكىمبەگ بولدىڭىز، ئىشلار رەتكە چۈشۈپتۇ. بۇرۇنقى مالىمان يىللاردا ئاتام ۋاپات بولدى. ئانام كېسەل بىلەن ۋاپات بوپتۇ. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى تولۇق بايان قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن، كاتىپلىرى ئابدۇرېھىم نىزارى دېگەن ئالىم كىشىنى لۇكچۇنگە ئەۋەرتىپ بەرسىڭىز، دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. زوھۇرىدۇن ئەفىرىدۇننىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، كاتىپى ئابدۇرېھىم نىزارىنى نۇرغۇن سوۋغا - سالام

دۇن لۇكچۇنگە ساق - سالامەت يېتىپ كېلىپ، تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە ياشايدۇ.

چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى قوزغىلاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئەفرىدۇنغا سەككىز ياش ۋاقتىدا «جۇن-ۋاڭ»لىق مەنسىپى بېرىپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.

قەشقەردىكى قوزغىلاڭ ۋاقتىدا زوھورىدىن ئات باققۇچىلار قاتارىغا قو-شۇلۇۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ۋە ئىككى نەپەر يېقىن ئادىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ سەمەرقەند، بۇخا-را، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەردە ئۈچ يىلدىن كۆپرەك سەرسانلىق - سەر-گەردانلىقتا ياشاپ، ئاخىرى شەمەي ئارقىلىق چۆچەككە يېتىپ كېلىدۇ. چۆچەكنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئامبىلى ئۇلارنى تەكشۈرۈپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىدۇ. ئىلى جاڭ-جۈن مەھكىمىسى چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ ئەستىقلاتقاندىن كېيىن، زوھورىدىننى قەشقەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ بەلگىلەي-دۇ. زوھورىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، شۇ زاماندىكى ئالىم - ئۆلىمالار، شائىر-لار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن يېقىن ئۆتۈپ، يۇرت باشقۇرۇش ئىشلىرىدا ئۇلاردىن پىكىر ئېلىپ، خەلققە پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشقا تىرىشى-دۇ. ئاتاغلىق ئالىم، شائىرلاردىن ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيا-ئى، تۇردۇش ئاخۇن... قاتارلىقلارنى ئوردىغا جەلب قىلىپ، ئوردا قارمى-قىدا مەخسۇس دىۋان (كاتىبات) خانە تەسىس قىلىپ، ئۇلارغا ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە تۇرمۇشنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەم ئۇلارغا ئىلىم مەرىپەت، خەلق ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان نۇرغۇن ئىلمىي - بەدىئىي كىتابلارنى يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى ھاكىمبەگ ئوردىسىغا باش كاتىپ (دىۋان بېگى) قىلىپ

لۈكچۈندە تۇرغان مەزگىلىدە ئۇستا خەتتاتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەسەرلىرىنى بىر قانچە نۇسخىدىن كۆپەيتىپ كۆچەتكۈزىدۇ. نىزارى لۈكچۈندە ئىككى يىلدەك تۇرۇپ، لۈكچۈندىكى مەرىپەت ئەھلىلىرى بىلەن يېقىن دوست بولۇپ قالىدۇ. قىلىسسۇرىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەبەيت ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن ئالاھىدە يېقىن دوستلۇق ئورنىتىدۇ. شائىرنىڭ لۈكچۈنگە كېلىپ تۇرغان ۋاقتى تەخمىنەن 1835 ـ، 1836 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. شائىر نىزارى كىتابىنى يېزىپ، تاماملاپ، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەفىرىدۇن ۋاڭ شائىرغا تون كەيدۈرۈپ، ياخشى ئات تەييارلاپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن قەشقەرگە يولغا سالىدۇ.

شائىر قەشقەرگە ساق ـ سالامەت بارغاندىن كېيىن، يەنە زوھورىدۇن ھاكىمبەگنىڭ ھوزۇرىدا كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. زوھورىدۇن ھاكىمبەگ قەشقەر ئوپالغا كاتتا بىر مەدرىس بىنا قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر ـ مۈلۈك ۋەخپە قىلىدۇ. ئاخىرى 20 يىلغا يېقىن ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا سوراپ، لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئارىدىن ئىككى يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، لۈكچۈن دېھقانىسۇ يېزىسىنىڭ ۋەخپە توگمەن دېگەن يېرىدە كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن جەستى تۇيۇق ئەسھابۇلكەھپنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

## 12 ـ سۇلتان مامۇت

1878 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى 13 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى خان شىنجاڭدا قايتىدىن چىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ باشقۇرۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭنى يەرلىك ھاكىمىيەت بولغان ۋاڭلىق تۈزۈمدىن پايدىلىنىپ باشقۇرماق بولىدۇ. شۇڭا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تۇرپان، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمران بولىدىغان ئىمىن ۋاڭ ئەۋلادلىرىنى ئىزدىگەندە،

بىلەن لۈكچۈن ئەلچىلىرىگە قوشۇپ يولغا سالىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ لۈكچۈنگە سالامەت يېتىپ كېلىدۇ. تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇن شائىرنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۆز ئوردىسىدىن ئورۇن بېرىدۇ. لۈكچۈندىكى شائىرلار، چوڭ ئۆلىمالار بىلەن تونۇشتۇرىدۇ. شائىر لۈكچۈندە لۈكچۈن خانلىق مەدرىسە، تويۇق ئەسھابۇلكەھف، دۆلەت-باغ، چارباغ قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان لۈكچۈننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىي تونۇشىدۇ. ھەم ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ قەشقەردە قەتلى قىلىنىش ئەھۋالىنى يارقىن شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىشقا كىرىشىدۇ ۋە نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ، بارلىق ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، قەشقەر ھاكىمبېگى زوھورىدۇننىڭ تۇرپان ۋاڭى ئەفرىدۇنغا يوللىغان سالىمى «ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە قىسسە»، «رابىئە - سەئىدىن»، «ۋامۇق-ئۇزرا»، «مەسئۇد دىلئارا» قاتارلىق يىرىك داستانلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك «خەمسە» سىنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى پاساھەتلىك، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇ ئەسەرلەر لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا يېزىپ تاماملانغان.

شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرغان مەزگىلدە ئۇلۇغ ئالىم، ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىبابەت پېشۋاسى ۋە شائىر ئەخمەت غوجامنىيازئوغلى قىسسۇرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. قىسسۇرنىڭ لۈكچۈن خانلىق مەدرىسە ھەققىدىكى شېئىرى، تويۇق ئەسھابۇلكەھفكە بېغىشلاپ يازغان مۇخەممەسلىرى، دۆلەتباغ ئوردىسىغا ئاتاپ يازغان مۇخەممەسلىرى ۋە ۋاڭلارغا قىلغان نەسىھەتلىك شېئىرلىرى، جۈملىدىن «رەۋزاتۇز زۇھرا» ناملىق داستانىنى كۆرگەندىن كېيىن قىسسۇرغا يۇقىرى باھا بېرىدۇ. شائىر نىزارى

لىيوجىن تاڭغا پەرمان چۈشۈرۈپ، مامۇتنىڭ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى ياساشقا كەتكەن بارلىق چىقىملىرىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش، ئۇنىڭ ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتكەن خىراجەتلىرىنى يىللىق نەپىقە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش» ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. گۇاڭشۈينىڭ 15 ـ يىلى (مىلادى 1889ـ يىلى) مامۇت پايتەخت بېيجىڭغا سالامغا بېرىپ ئۆتكەندە بارالمىغان نوۋىتىنى تولۇقلايدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا ئۈچ كۆزلۈك خوالىڭ تەقدىم قىلىدۇ، گۇاڭشۈي 18ـ يىل (مىلادى 1892 ـ يىلى) مامۇتنىڭ يېشى تېخى 30 غا يەتمىگەن بولسىمۇ تۆت خوتۇن ئالغان ئىدى. بىرىنچى خوتۇنىنىڭ ئاتىسى ئادەتتىكى پۇقرا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاپىسى ئاق سۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلـ غان ئىدى. مامۇت ۋاڭنىڭ ئاپىسىمۇ يەركەنلىك بولۇپ، ئاددىي پۇقرا ئائىلەـ سىدە تۇغۇلغان ئىدى. 2 ـ خوتۇنى ۋاڭنىڭ ئۆز جەمەتىدىن بولۇپ، باشقا ئانىدىن تۇغۇلغان نەۋرە سىڭلىسى ئىدى. قالغان ئىككى خوتۇنى ئادەتتىكى باجگىرلەرنىڭ قىزلىرى ئىدى. مامۇت ئوردىدا ئىش بېجىرگەندە چىڭ سۇلاـ لىسى پادىشاھى تەقدىم قىلغان گۈللۈك تونىنى كىيەتتى. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 83 ـ جىلتىدە، مامۇت ۋاڭنىڭ ئۈچ ۋەزىرى بار، ئۇلارنىڭ بىرى ۋاڭنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە، بىرى سول قول تەرىپىدە، يەنە بىرى ئارقا تەرىپىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ۋاڭلارنىڭ ئۆز جەمەتىدۇر. ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ ئىسمى مىلىك بەگ، سولقول ۋەزىرىنىڭ ئىسمى، چاپىزات بەگ، ۋاڭنىڭ كەينى تەرىپىدە تۇرىدىغان ۋەزىرىنىڭ ئىسمى ئابدۇللا بەگە» دەپ خاتىرلەنگەن. مامۇت ۋاڭ ئۆز خانىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ھېچقانداق ھەركەت قىلمىغان، ئوردا ئىشلىرىنى ھېلىقى ئۈچ نەپەر ۋەزىر بېجىرگەن. ھەتتا باج ـ سېلىق يىغىشقا ئائىت يارلىق ۋە پەرمانلارنىمۇ ۋەزىرلەر چۈشۈرگەن. مامۇت ئۆزىنى قوغداش ۋە خىزمىتىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن 50 ـ 60 تەك قوغدىغۇچى ئالغان. مامۇت ھەممە ئىشتا ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ قاراپ ھەرقانداق ئىشتا ئۆزى بىلگىنىنى قىلغان. خەلقنىڭ دەرت ـ ئەلىمى بىلەن قىلچە كارى

ئىلىدا بوۋاق هاكىم بولۇپ، تۇرپاندا ئىشەنچىلىك ۋارىس چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لۇكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا 20 نەچچە يىل ۋەزىر (تەيجى) بولغان مەئىن تەيجى دېگەن كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ «مەن ئۇزۇن يىل ۋەزىر بولدۇم، ئەمدى لۇكچۈندە ۋاڭلىق ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلغۇدەك ھەقىقىي ۋارىس يوق، مەن ۋاڭلىق ئورۇننىڭ ۋارىسى بولۇشۇم كېرەك» دەپ ۋارىسلىق دەۋاسى قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياشىنىپ ئاجىزلاپ كەتكەن خۇشنارە خې-نىمنىڭ سەپراسى قايناپ ئوتتۇرىغا چىقىپ: «مېنىڭ ئوغلۇم ئەفرىدون 1864 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەردىن يەكەنگە بارغاندا يەكەندىن بىر قىزنى ئەمرىگە ئالغانىكەن. خۇدا بەرگەن بولسا، بىرەر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغان بولۇشى مۇمكىن. مەن بېرىپ سۈرۈشتە قىلمەن» دەپ غەيرەتكە كېلىپ تەييارلىق بىلەن يەكەنگە يول ئالىدۇ. ياشىنىپ ئاجىزلاپ كەتكەن، 90 ياشتىن ھالقىغان خۇشنارە خېنىم مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن يەكەنگە يېتىپ بېرىپ نەۋرىسىنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ يەكەنلىك كېلىنىنىڭ بىر ئوغۇل تۇغقانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ بالا شۇ چاغدا 12 ياشتا بولۇپ ئىسمى سۇلتان مامۇت ئىدى. لېكىن ئۇ بالا يوشۇرۇن بېقىلغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇش-سىز، تەربىيىسىز قېلىپ، پادا بېقىپ چوڭ بولغانلىقتىن، تازچاق بالا بولۇپ چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇشنارە خېنىم نەۋرىسى سۇلتان مامۇتنى تۇرپانغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋاڭلىقنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە لۇكچۈن دۆلەتباغدا تەربىيىلەيدۇ. بۇنى ھەممە ئېتىراپ قىلىپ، چيەنلۇڭ خانغا يوللايدۇ. 1881 - يىلى چيەنلۇڭ خاندىن يارلىق چۈشۈپ، سۇلتان مامۇت تۇرپاننىڭ ۋاڭى قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

گۇڭشۈينىڭ 10 - يىلى (مىلادى 1884 - يىلى) سۇلتان مامۇت، 1872 - يىلى قەشقەردە ياقۇپبەگ تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاتىسى ئەفرىدوننىڭ قەبرىسىنى، قايتا ياساشنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن تەلەپ قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي باش ۋالىيسى

لۇكچۇنده توقۇلغان رەخت 9 توپ، يانتاق شىكەر 9 تاغار، يولۋاس تېرىسى 9 پارچە، بۆرە تېرىسى 9 پارچە. . . ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كىچىك پىچاق 9، كۆمۈشتىن ھەل بېرىلگەن كىچىك پىچاق 9. . . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سۇلتان مامۇتنىڭ تۇرپان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇمى ھەسسىلەپ كۈچىيىدۇ. خەلق ئۈستىدىكى ھەر خىل سېلىقلار بارغانچە كۆپىيىدۇ. ۋاڭ ـ گۈڭلارنىڭ ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن كەيىپ ـ ساپا سۈرۈشى ئارقىلىق تۇرپان خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. سۇلتان مامۇتنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ خەلققە سالغان جەبرى زۇلۇمىدىن تۇرپان خەلقىنىڭ سۇلتان مامۇتقا بولغان نارازىلىقى كۈچىيىپ چېكىگە يېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا يەنى 1886 ـ يىلى ئۈزۈم پىشقاندا ياڭخېيدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر توي مەشرىپىدە، ئۆمەر دورغىنىڭ ئوغلى مەجلىل لىگا پادىشاھ بولۇپ سايلىنىپ، توي مەشرىپىنى باشقۇرىدۇ. دەرۋەقە تۇرپاننىڭ ياڭخې، قارغوجا، ئاستانە ۋە كارىز قاتارلىق ئورۇنلىرىدا توي مەشرەپلىرىنى تەشكىللىك، رەتلىك، كۆڭۈللۈك، قىزغىن ئويناش ئۈچۈن شۇ يۇرتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن يىگىت باشلىقلىرىدىن پادىشاھ، ۋەزىر، قازى، مۇپتى، بازار بېگى، ئەڭگىزە (قوزغاتقۇچى)، چايچى، ئۆرۈمچى (پەتنۇش ئۆرگۈچى) قىقاسچى قاتارلىقلارنى مەشرەپكە قاتناشقۇچى كۆپچىلىك يىگىتلەر خەلقچىل ئۇسۇلدا سايلاپ، ئاندىن مەشرەپنى تەشكىللىك ئوينايدۇ. بىراق لۇكچۇنده ئۇ خىل مەشرەپ ئويناشقا يول قويۇلمىغانلىقتىن، ئۇ خىل مەشرەپ كەم ئۇچرايدۇ.

شۇڭا لۇكچۇن ئوردىسىدىن ياڭخېيغا كېلىپ تويغا قاتناشقان سادىر يايى (چېرىك) دېگەن كىشى ياڭخېيدىكى مەشرەپ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ ھەيران قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياڭخېيدىكى تويدىن قايتقان سادىر يا ئۆيىگىمۇ بارماي، ئۇدۇل ۋاڭ ئوردىسىغا بېرىپ، سۇلتان مامۇتقا ياڭخېيدىكى توي ئەھۋالىنى تەپسىلى دوكلات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سادىر يايى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە «ھۆرمەتلىك جانابى ۋاڭ غوجام ئالىلىرى ياڭخېيدىكى توي

بولماي، ئۇلار ئۇستىدىن زورلۇق زومبۇلۇق ئىشلەتكەن. پۇخرالارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئۆزى خالىغانچە بوزەك قىلغان.

بۇ ھەقتە خەلق ئىچىدە:

ماڭ ئىشكىم ماڭ،
سۇلتان مامۇت گاڭ.
بۇغدايلارنى بىز تېرىيمىز،
كىم يەيدىكىن تاڭ.

ماڭ ئىشكىم ماڭ،
سۇلتان مامۇت گاڭ.
قوناقلارنى كىملەر تېرىپ،
بىز يەيمىزكىن تاڭ.

ماڭ ئىشكىم ماڭ،
سۇلتان مامۇت گاڭ.
ماڭ ئىشكىم ماڭ،
سۇلتان مامۇت گاڭ.

دېگەن قوشاقلار تارقالغان.

مامۇت گەرچە 30 ياشقا توشمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ياشلار ئىدى. ئۇنىڭ كاھلىرى (مۇھاپىزەتچىلىرى) ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭىنىڭ 40 ياش، ئوتتۇردىكىلەرنىڭ 30 - 20 ياش، ئەڭ كىچىكلىرى 16 دىن 20 ياشقىچە ئىدى. مامۇت ھەرقانداق چوڭ ئىش بولمىسۇن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە بىجىرەتتى. مامۇت ھەرقانداق ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرەلمەيتتى. ئۆلۈم جازاسى تۇرپاندىكى خان ئامبىلىغا قاراشلىق بولۇپ، مامۇت ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

ۋاڭ ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ چىڭ سۇلالىسى پادشاھىغا سالام بېرەتتى. بۇ قەدىمدىن تارتىپلا شەكىللىنىپ قالغان قائىدە ئىدى. ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا ئولپانلىق سوۋغا - سالام ئېلىنىۋالاتتى. بۇ ئولپانلىق سوۋغا - سالاملار قۇرۇق ئۈزۈم 900 جىڭ، قوغۇن قېقى 9 تاغار،

ئاتقاندەك، باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلدۇرۇپ، ئۈچ قېتىم باغنىڭ ئىچىگە ئېتىپ ئاندىن توختاپدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مال سويۇپ يايىنى ئوبدان مېھمان قىلىپ «بىز ۋالى غوجامىنىڭ ھوزۇرىغا ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزىمىز بارىمىز، سىلى قايتىپ جانابى ئالىيلىرىغا بىزنىڭ ھوزۇرىمىزنى ئۇچۇرلاپ قويارلا» دەپ سادىر يايىنى بىر مۇنچە سوۋغاتلار بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. سادىر يايىمۇ ئوردىغا قايتىپ بېرىپلا، سۇلتان مامۇتنىڭ ھوزۇرىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ياڭخېيدا بولغان ئىشلارنى ئەينەن يەتكۈزىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان مامۇتنىڭ سەۋرى تاقىتى تېشىپ، دەرغەزەپكە كېلىپ، مەجلىس لىگارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

شۇ چاغلاردا ئۆلۈم جازاسى، جازالانغۇچىنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈش بولماي، بەلكى قومۇشتا ياسالغان كەڭلىكى 10 سانتىمېتر، قېلىنلىقى 7 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولغان ئۇزۇن 4 قىرلىق تاياق بىلەن «گۇناھكار» نىڭ يوغان يوتىسىغا 17 تاياق ئۇرۇش ئىدى. شۇ خىل تاياق زەربىسىدىن جازالانغۇچى ئۆلۈپ كەتمىسىمۇ مەيلى، ئۆلمەي قالسا ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوڭ كەلگەنلىكى ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ گۇناھى ساقىت قىلىناتتى. دېگەندەك مەجلىس لىگامۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ئوردىغا بېرىپ، سۇلتان مامۇت ھوزۇرىدا ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مامۇت ئوردا پەشتىقىدا تەختىراۋاندا ۋاڭلىق تاجىسىنى كىيىپ ئولتۇرۇپ، مەجلىس لىگاغا ئۆلۈم جازاسى بەرگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. شۇ چاغدا سۇلتان مامۇت بىلەن ئۇنىڭ قومۇل ۋاڭىنىڭ پۇشتىدىن بولغان خانىشى سارە فۇجۇڭ 13 ـ 14 مېتر ئېگىزلىكتىكى ئوردا پەشتىقىدىكى تەختى - راۋاندا جازانى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

بۇيرۇق بويىچە سادىر يايى ئۆلچەملىك جازا تايىقى بىلەن مەجلىس لىگانىڭ يوغان يوتىسىغا ئۇرۇشقا باشلاپ 14 تاياقنى ئۇرغاندا جازا تايىقى پۇچۇلۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىر تال ئۇزۇن قىيىندىقى مەجلىس لىگانىڭ يوتا گۆشىگە سانچىلىپ قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن سادىر يايى يەنە ئۇرۇشقا

- تۆكۈنلەردە مەشرەپ ئوينىلىدىكەن، مەشرەپنى باشقۇرۇش ئۈچۈن جانابلىرىدىن ئىجازەت ئالمايلا يىگىتلەر ئارىسىدىن بىرىنى پادىشاھ، بىرىنى ۋەزىر، بىرى قازى، مۇپتى ۋە يەنە بىرلىرىنى بازار بېگى، خەزىنە بېگى . . . قاتارلىقلارنى سايلاپ شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا مەشرەپ ئوينايدىكەن، جاناپلىرىدىن باشقىمۇ پادىشاھنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ بەك تەئەججۈپلەندىم. ئىنشائاللا بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتى ئالىلىرىنىڭ ئوردا خاتىرجەملىكىگە مالال يەتكۈزۈپ قويارمىكىن؟ دەپ بەك ئەنسىرىدىم. ئالىيلىرىنىڭ چوڭ بوۋىسى، ھەزرىتى ئىمىن ۋاڭ خوجاممۇ، سوپىلارغا خەلىپە بولۇپ، كۆچىيىپ ئاخىرى ئوردا ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ئەمەسمىدى؟ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن راست - يالغان ۋە ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەن بولغان سۇلتان مامۇتنىڭ ئۆتى ئېشىپ، سەپرايى قايناپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ.

سۇلتان مامۇت، تۇرپان دىيارىدا ئۆزىدىن باشقىمۇ «پادىشاھ» نىڭ سايلانغانلىقىدىن قاتتىق كايىپ، پادىشاھ بولغۇچىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ياڭخېيدىكى ئۆمەر دورغىنىڭ ئوغلى مەجىلىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇپ، مەجىلىل لىگانى ئوردىغا يالاپ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سادىر يايىغا پەرمان چۈشۈرىدۇ. سادىر يايى ياڭخېيغا بېرىپ، لىگالارغا سۇلتان مامۇتنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، مەجىلىلنى ئوردىغا يالاپ ئېلىپ بېرىپ، داتاڭ سورىقى قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. شۇ چاغدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لىگالار «بىز ھەر قاچان جانابى ئالىلىرى سۇلتان مامۇتنىڭ يارلىقلىرىنى بىجاندىل قوبۇل قىلىپ، ئىجرا قىلىۋاتىمىز» ئەمما بىز ئۇيغۇرلاردا «ئاۋۋال تائام ئاندىن كالام» دەيدىغان گەپ بار. شۇڭا سىلى ئاۋۋال باغقا كىرىپ مېۋە - چېۋە يىگەچ، سەيلە - ساياھەت قىلغايلا، ئاندىن تاماقلىنىپ بولۇپ سۆزلىشەرمىز» دەپ سادىر يايىنى ئۆزۈملۈك باغقا باشلايدۇ. سادىر يايى ئارقىلىق سۇلتان مامۇتنىڭ يارلىقىنى ئاڭلىغان لىگارلار كېلىشىپ ئالغىنى بويىچە مەتربەم لىگا باغىنىڭ ئىچىدە مەجىلىل لىگا باغىنىڭ سىرتىدا تۇرىۋېلىپ، ئىككى ئاكا - ئۇكا باتۇرلار، سادىر يايىنى خۇددى چالما

غىلى بولىدۇ. بۇ توغرىلىق خەلق ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

سۇلتان مامۇت زامانىدا،
ئالۋاڭ ـ ياساق ئېغىر بولدى.
زالىملارنىڭ قامچىسىدىن،
دۇمبىلەر ھەم يېغىر بولدى.

بىرلىرىنى كۆز ئالايتىڭ،
يەنە بىرىنى سۆز تالاشتىڭ.
دەپ كالتەكتە دۇمبالاپ،
زىندانغا سالار بولدى.

زالىم مەلئۇن دەستىدىن،
ئۇنىڭ يامان قەستىدىن،
خەلقىمىز ئاھ ـ زار چېكىپ،
بىئەجەل ئۆلەر بولدى.

دېگەندەك قوشاقلارنى توقۇغان. شۇ چاغلاردا سۇلتان مامۇتنىڭ خانىشى سارە فۇجۇڭمۇ ئۇ زالىم پادىچى تازنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇپ قالغان بەد قىلىقلىرى توغرىسىدا نارازىلىقنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما خەلققە قارىتا ھەددى ـ ھېسابسىز زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىدىغان سۇلتان مامۇت، خانىشىنىڭ ئۆزىگە قارىتا بولغان نارازىلىقنى ئاڭلىسىمۇ فۇجۇڭغا نىسبەتەن تىل تەككۈزمەيدۇ. چۈنكى، سارە فۇجۇڭنىڭ ئاكىسى شا مەخسۇتنىڭ ئەركە نايناق قىزى ئاي فۇجۇڭنى سۇلتان مامۇتنىڭ ئوغلى ئىمىنگە خانىشلىققا ئېلىپ بەرمەك بولۇۋاتقىنى ئۈچۈن سۇلتان مامۇت سارە فۇجۇڭدىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا تۇرپان خەلقى مانجۇ ئىستىبداتلىرى بىلەن سۇلتان مامۇتنىڭ قاتمۇ قات زۇلۇملىرىدىن جېنىدىن ـ جاق تويغان خەلقنىڭ دەردلىك يۈرەكلىرى زەرداپ بولۇپ ئاققان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، باتۇر يىگىت مەجىلىس لىگامۇ ياخش داۋالانغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىدۇ.

شۇڭا لىگارلار ياڭخې، ياڭخې كارىز، قارغوجا ۋە ئاستانىدىكى تۇغقانلىرى، سىرداش يېقىن يار ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، سۇلتان

جۇرئەت قىلالماي تاياقنى كۆتۈرگەن پېتى تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالىدۇ.

بۇنى كۆرگەن سۇلتان مامۇت غەزەپ بىلەن قاتتىق ۋاقىراپ: «رەي! سادىر نېمە ئۈچۈن ئۇرمايسەن! لىگالار ئاياغنى ئالغانمۇ يا» دېگەندە سۇلتان مامۇتنىڭ دەر - غەزىپىدىن قورقۇپ كەتكەن سادىر، يايى كۆزىنى يۇمۇپ 15-، 16-، 17- تاياقلارنى گۆشكە سانچىلىپ قالغان قىيىنداق ئۈستىگە ئۇرىدۇ. قىيىنداق يوتا گۆشلىرىگە كىرىپ، گۆشلەرنى لەختە - لەختە قىلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەجىلىل لىگانىڭ يوتا گۆشلىرى خۇددى كونا ماز پاختىدەك تىتىلىپ ساڭگىلاپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ 17 - تاياقمۇ ئۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭنىڭ يارلىقى بىلەن مەجىلىل لىگانىڭ گۇناھىنىڭ ساقىت بولغانلىقى جاكار قىلىنىدۇ. مەجىلىل لىگا سۇلتان مامۇتقا قاراپ ئۈچ قېتىم تازىم بىجا كەلتۈرۈپ «ۋاڭ غوجام ھەممەتلىرىگە رەھمەت» دەپ؛ بېلىدىن پىچاقنى ئېلىپ، ھېلىقى تىتىلىپ كەتكەن يوتا گۆشلىرىنى كېسىپ ئېلىپ «غوجام ئاز بولسىمۇ بۇ گۆشلەرنى سىلىنىڭ تايغانلىرى يېگەي» دەپ ۋاڭغا قارىتىپ ئېتىپ ئۈچ قەدەم مېڭىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، ھوشىدىن كېتىدۇ. شۇنداقلا سۇلتان مامۇتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھارۋا تەييارلىنىپ، مەجىلىل لىگانى ياڭخېيدىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. مەجىلىل لىگانى كالتەكلىگەن ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرگەن سارە قۇجۇڭمۇ بۇ خىل ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چىدىماي ئوردا ئىچىگە يىغلاپ كىرىپ كېتىدۇ. شۇ چاغلاردا تۇرپان خەلقى بۇ زالىم مەلئۇن، ھېلىگەر سۇلتان مامۇتقا نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن:

قارىساڭ غوجام ئوخشايدۇ بىر - گۆلگە،
دەرس بېرىدۇ ئۇ، قۇۋلۇقتا تۈلكىگە.
سۆزىگە قاراپ ئالدانما ئۇنىڭغا،
تىرىك تۇرغۇزۇپ تىقار خەقنى گۆرگە.

دەپ قوشاق توقۇغان. - بۇلاردىن سۇلتان مامۇتنىڭ قانچىلىك ۋەھشى، زالىم، قانخور ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، شۇنداقلا سۇلتان مامۇتنىڭ زالىملىقى، ئاچكۆزلۈكى ۋە تۇرمۇش ئىستىلىدىكى بۇزۇقچىلىقىنى كۆرۈۋالـ-

40 ـ 50 ئاتلىق قوشۇن بىلەن ھەيۋە قىلىپ ياڭخېيغا يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ياڭخېي ۋە كارىزدىن سەھەردىلا نۇرغۇن كىشىلەر كېلىپ شۇ كۈندىكى كارامەتنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ساقىلى ئۆزۈننىڭ قورۇسى ئالدىدىكى چوڭ يول بويىدا سەپ تارتىپ تىزىلىپ تۇرۇشىدۇ.

ئۆزۈن ئۆتمەي سۇلتان مامۇت قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ مەغرۇر قىياپەت بىلەن ساقىلى ئۆزۈننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كېلىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا بۇ ھەركەتنى ئويۇشتۇرغۇچىلاردىن بولغان مەجىلىل، مەترېھىم ۋە ئەختەردىن ؛ ... قاتارلىق لىگارلار توپنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئېھتىرام بىلەن قول قوشتۇرۇپ، سۇلتان مامۇتقا تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن يۇرت ئەھلىنىڭ ۋاڭغا قويغان شەرتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت خەلقى تەييارلىغان ئاددىي چارچاڭ دەستۇرخانىغا ئىلتىماس قىلىدۇ. ئەمما ۋاڭلىق سالاھىيىتى بويىچە سۇلتان مامۇت ئۆزى چۈشمەي ئۆز ئورنىدا يەركەنلىك ئوڭ قول ۋەزىرى ئىبراھىم تەيجىنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. لېكىن يۇرت ئەھلى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەگەر سۇلتان مامۇت يۇرت خەلقى تەييارلىغان چارچاڭ دەستۇرخاندىن ئىغا شەخسەن ئۆزى چۈشۈپ ئولتۇرۇپ، مەزەلەرگە ئېغىز تەككۈزمەيدىكەن، ئۇنى بۇ يولدىن بۇگۈن «ئالتۇنلۇق» قا زىيارەتكە بېرىشقا قەتئىي يول قويمايدىغانلىقىنى ئىزھارلايدۇ.

ئەمما مەغرۇر ۋاڭ، خەلقىنىڭ شەرتىگە كۆنمەي ئېتىراز بىلدۈرۈپ، خەلقىنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىدۇ. خەلقمۇ بوش كەلمەي سۇلتان مامۇتنى يولدىن قەتئىي ئۆتكۈزمەيدۇ. شۇ خىل دەتالىشىشلار بىلەن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاڭنىڭ توپى ئېچىدىن بىر نەچچە چاپارمەن چىقىپ سۇلتان مامۇت مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتقان پېتى ئاستانە تەرەپكە قارىتىپ يول ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئوت يۈرەك ياش مۇھەممەت ئابدۇللا يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇلتان مامۇت مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى قاتتىق سىلكىپ ئاتنىڭ بېشىنى ئاستانە تەرەپتىن كەينىگە قايرىپ لۈكچۈن تەرەپكە

ماموتتىن ئىنتىقام ئېلىشىنىڭ پىلانى ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ ھەم شۇ يۇرتلاردى-
كى يىگىت باشلىقلىرى بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ ھەممە بىردەك تۆۋەندى-
كى قارارغا كېلىدۇ. شۇ چاغ قۇربان ھېيت يېقىنلىشىپ قالغان چاغ بولغىنى
ئۈچۈن، ھېيتنىڭ ھارپا (ئايەم) كۈنى نەسەپ قائىدە بويىچە سۇلتان ماموت-
نىڭ ئاتا بوۋىسىنىڭ جەسىتى قويۇلغان ئورۇن تۇرپان ئاستانىدىكى «ئالتۇن-
لۇق» قا زىيارەتكە بېرىشىدا لۈكچۈندىن يولغا چىقىپ ياڭخې ئارقىلىق ئۆتە-
دىغانلىقى نەزەردە تۇتىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن 1887 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بولىدىغان ھارپا
كۈندە، سۇلتان ماموتنىڭ ئىلگىرىكىدەك بىمالال «شەرتسىز» ھالدا ياڭخې
يولىدىن ئۆتىشىگە يول قويۇلمايدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ
شوئارى «يېڭخې ياڭخېلىقلارنىڭ ھەتتا ياڭخېغا قۇيرىقىنى تولگوپ كەلگەن
ئىتمۇ - قۇيرىقىنى سېلىپ ئۆتىدىغان جاي» شۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان ماموت
ھارپا كۈنى لۈكچۈندىن كېلىپ ياڭخې ئارقىلىق ئاستانىدىكى «ئالتۇنلۇق»
قا زىيارەتكە ئۆتمەكچى بولىدىكەن. ئۇ چاغدا ياڭخې خەلقى ئاستانىغا ئۆتىدى-
غان چوڭ يول بويىدىكى «ساقىلى ئۈزۈن» نىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا راستلانغان
چارچاڭ دەستۇرخانىمىزغا سۇلتان ماموتنىڭ شەخسەن ئۆزى چۈشۈپ، مەزەگە
ئېغىز تېگىپ دۇئا كەلتۇرۇپ بېرىشى شەرت. مۇبادا ئۇنداق قىلمايدىكەن
ۋاڭنى بۇ يولدىن قەتئىي ئۆتكۈزمەيمىز دەپ يۇرت ئەھلى بىلەن بىردەك
كېلىشىدۇ. ئەمما ۋاڭ بولغۇچى سەپەرگە چىققاندا مەخسۇس ئۆزى ئۈچۈن
بەلگىلەنگەن جايغا بارغىچە يولدا ھەر قانچە زۆرۈرىيەت بولسىمۇ چۈشمەيتتى.
مۇبادا چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ۋاڭلىق سالاھىيىتىگە تەسىر يەتكەن بولاتتى.
شۇ ۋەجىدىن سۇلتان ماموتنىڭ ياڭخېلىقلار تەييارلىغان چارچاڭ دەستۇرخا-
نىغا ھەرگىز چۈشمەيدىغانلىقىنى پۈتۈن يۇرت خەلقى بىلەتتى. سۇلتان ماموت-
نى ئاشۇنداق شەرتكە قىستاش ئارقىلىق ئۇنىڭغا قول سېلىشنى پىلانلاشقان
ئىدى.

دېگەندەك 17 - ماي ئەتىگەندە سۇلتان ماموت بىر قانچىلىغان مەپە ۋە

يامۇلىدىن چىرىك ئەۋەتىپ ياڭخېيدىكى ياشلارنىڭ باشلىقلىرىدىن مەجىلىل، مەترېھىم ۋە مەمەت ئابدۇللا قاتارلىقلارنى شەڭگەن يامۇلىغا يالاپ ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئەما بۇنى ئاڭلىغان يۇرت خەلقى بىردەك قوزغىلىپ يالالنما چېرىكلەرنىڭ تېگىشلىك ئەدىپىنى بېرىدۇ. چېرىكلەر ئۆلە - تىرىلە-شىگە قارىماي تىكىۋېتىدۇ. بىراق «يىقىلغان چېلىشىشقا تويمايدۇ» دېگەندەك قۇربان ھېيتىنىڭ 3 - كۈنى شەڭگەن يامۇلىنىڭ چېرىكلىرى، ئوردا چېرىكلە-رى بىلەن بىرلىشىپ لىگالارغا قارىتا يەنە جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، لىگالار تەرىپىدىن قوراللىنىپ تەييارلانغان 200 نەپەر-دەك ئاتلىق قوشۇننىڭ، تۇيۇقسىز قىلغان قاتتىق زەربىسىدىن ئوردا چېرىك-لىرى يەر چىشلەپ، بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئىت قېنىنى ئاران ئەپقېچىپ كېتىدۇ. ئەھۋال جىددىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەندە ياڭخېي كارىز، قارغو-جا، ئاستانىدىن بولۇپ تەشكىللەنگەن 200 نەپەر ئەتراپىدىكى ياشلار ئاتلىنىپ يۇرت خەلقىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا كەلتۈرۈشى بىلەن «قالساق غازى - ئۆلسەك شېھىت» دېگەن شۇئار ئاستىدا بىردەك ئۇيۇشۇپ ھەم باشلىرىغا قىزىل ياغلىق چىگىپ، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇپ ھۇجۇم قىلىش بىلەن سۇلتان مامۇتتىن خەلقنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن جازا يۈرۈش قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «لىگارلار يىغىلىقى» مەيدانغا كېلىدۇ. «لىگا يىغىلىقى» تەشكىللىك، پىلانلىق، بايرىقى روشەن ھالدا زالىم سۇلتان مامۇتقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ قوزغىلى-ڭى ئىدى. بۇ قوزغىلاڭغا مەجىلىل، مەترېھىم، مەتكېرىم لىگارلار باشچى بولۇپ سايلىنىدۇ. بەدىردىن لىگا، پازىل پاختا، مەتتوختاش مۇجاڭ، مەمەت-ئابدۇل قاتارلىقلار مەسلىھەتچى (سەنمۇ) بولىدۇ. شۇ چاغدىكى تەدبىرلىك ياشلاردىن ئىدىردىن لىگا بىلەن زايىت نار (ئېگىز كىشى) ھۇجۇمچى قوشۇن-غا، قارغوجىنىڭ بۇلۇڭ مەھەللىسىدىن كەلگەن روزەخمەت تەڭنە (يوغان قوساق كىشى) بىلەن زاكىر شاڭيو دېگەنلەر دۈشمەنگە ئوك - سولدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلىدىغان قوشۇنغا باشچى بولىدۇ.

بۇراپ قويىدۇ. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سۇلتان مامۇت گەرچە ئادەم-
لىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاستانىغا يول ئېلىش ئۈچۈن كۆچەپ كۆرگەن بولسى-
مۇ، ئۇنىڭ ئاستانە تەرەپكە مېڭىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. كېيىن ۋاڭ
چېرىكلىرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەدبىرلىرىمۇ كارغا يارىماي
قالىدۇ. شۇ خىل جەڭگى - جېدەللەر بىلەن چىڭقى چۇش بولۇپ قالىدۇ.
شۇ قاتار تىركىشىشلەر ئارقىلىق ھەر جەھەتتىن چارچاپ ھالسىزلىنىپ،
قوسقى ئاچقان سۇلتان مامۇت سەپىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ئىلاجىسىز قې-
لىپ، ئاخىرى قوشۇنىنى باشلاپ لۈكچۈن ئوردىسىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر
بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مامۇت ئاستانىدىكى «ئالتۇنلۇق» قا قىلماقچى
بولغان زىيارىتىنى ئورۇنلىيالماي «ئۇلۇغ» ئەجداتلىرىنىڭ روھى ئالدىدا
گۇناھ كەبىرلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەسرەت چەككەن سۇلتان
مامۇت ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ئۆز خائىشى بويىچە تۇرپان شەھەرگەن يامۇلىغا
مەلۇم قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم ئېلىپ لىگارلارنى جازالىماق بولىدۇ. بىراق
يۇرت خەلقىنىڭ قەتئىي ئىكەنلىكىنى بىلگەن شەھەرگەن يامۇلى دەرھال تەدبىر
قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت خەلقى سۇلتان مامۇتنى
مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن:

ئۇششاق بالىلار ئويناشتا،
تال چىۋىقنى ئات قىلدى.
لىگارلار گاڭگۇك چىقىپ،
سۇلتان غوجىنى مات قىلدى.

سۇلتان غوجا «ئىتلىرى»،
غوجىسى ئۈچۈن يورغىلىدى.
لىگالارمۇ بوش كەلمەي،
زالىم پەخشەكنى قوغلىدى.

دېگەن قوشاقنى ئۆزۈنغىچە ئېيتىپ يۈرۈيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا
بولۇنغان جېدەللەرنى بىلەگەن تۇرپان ئامبىلى ئىككىنچى كۈنى شەھەرگەن

ئوغلىنىڭ تويى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىۋاتقانلىقى بۇ مەركىگە سۇلتان مامۇتنى ئۆزى تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا لۈكچۈن، ياڭخى، قارغوجا، ئاستانە قاتارلىق ئورۇنلاردىن يۇرت كاتتىلىرىنى تەكلىپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇبادا بۇ سورۇندا قان تۆكۈلۈش يۈز بەرسە تەسىرى يامان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭمۇ بېشى كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قوزغىلاڭچىلاردىن ۋاڭغا قول سالماسلىقنى ئۆتۈنۈپ تۇرىۋالىدۇ. قوزغىلاڭچىلارمۇ بۇ مويسىپىت، ياشانغان كىشىنىڭ ئىلتىماسىغا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈندىكى توي مەركىسى ھەم چېلىشىش ئويۇنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئەمما ئاخىرى كالا بېشىغا چېلىشىدىغان چاغدا بېشىغا قىزىل ياغلىق چىگىۋالغان مەجىلىل لىگا مەيدانغان چۈشۈپ كالا بېشىغا چېلىشماقچى بولىدۇ. مەجلىل لىگا كالا بېشىغا چېلىشىپ رەقىبىدىن ئىككى نەپەر كىشىنى يېڭىپ كالا بېشى ئالىدۇ. شۇ چاغدا كالا بېشىغا بولۇۋاتقان چېلىشىشنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشرەتخانىسىدىن چىققان سۇلتان مامۇت كالا بېشى ئالغان مەجلىل «زور» نى بېشىغا قىزىل ياغلىق چېگىۋالغان نورغۇن ياشلار قىقاس - سۈرەنلەر بىلەن ئۇنى مەيداندا كۆتۈرۈپ يۈرگەن چاغدىلا، ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭچى ياشلار ئىكەنلىكىن ئۇقۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان مامۇت مەركە ئۇزاپ بولمايلا يايلىرىنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى بىلەن تويدىن خوشمۇ ئېيتماي قېچىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ، خېلى كۈنلەرگىچە ئوردىغا قايتالماي جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرۈيدۇ. قوزغولاڭچىلارمۇ كالا بېشىنى ئېلىپ يۇرتقا قايتىپ كېتىدۇ.

ئاندىن كۈن تەرتىپى بويىچە قوزغىلاڭچىلار 22 - ماي ئەتىگەندە لۈكچۈنگە قاراپ ئاتلىنىپ، ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. بىراق سۇلتان مامۇت تويدىن قاچقان پېتى يوشۇرۇنۇپ ئوردىغا قايتمىغانلىقىدىن ئۇنى تۇتالمايدۇ.

شۇڭا قوزغىلاڭچىلار ئاخىرى ئوردىغا ئوت قويۇپ، ئوردىدىكى چېرىكلەرنى تارمار قىلىپ تاشلايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۇرپان شەڭگەن يامۇلى

قەمەردىن لىگا بىلەن مويدىن ھاجى ئارقا سەپكە مەسئۇل بولىدۇ. شۇ
خىل پۇختا تەييارلىقلار بىلەن 200 نەپەردىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى ياش ئاتلە-
نىپ نەرە تارتقاندا پۈتۈن يۇرت خەلقى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ
نۇسرەت تېپىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈپ، قول كۆتۈرۈپ دۇئا تىلاۋەت قىلى-
شىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار شۇ يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ 4 - كۈنى
يەنى 1887 - يىلى 21 - ماي لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇپ، ھۇجۇم
قىلىپ، سۇلتان مامۇت ۋە مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش
ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ. ئەپسۇسكى قوزغىلاڭچىلار ئوردىغا باستۇرۇپ كىرسە
سۇلتان مامۇت ئوردىدا يوق بولۇپ قالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار سۈرۈشتۈرۈش
ئارقىلىق سۇلتان مامۇتنىڭ شۇ كۈنى بولىدىغان لۈكچۈن دىخانسۇ تۈگمەن
بويى مەھەللىسىدىكى ئادىل قاغا دېگەننىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ تويىدا بولىدىغان
چېلىشىشقا تەكلىپ قىلىنىپ شۇ سورۇنغا كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ. بۇ چېلى-
شىش بولىدىغان ئورۇن يۇقىرقى ئامانشاغا ئۆدۈل كېلىدىغان قاغىلار دېگەن-
لەرنىڭ تۈگمىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى سايدا ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان
قوزغىلاڭچىلار ئاتلىنىپ، چېلىشىش بولىۋاتقان ئورۇنغا بارسا سۇلتان مامۇت
كۆرۈنمەيدۇ. ئۇلار سۈرۈشتۈرگىدەك بولسا، ئۇ چېلىشىش مەيدانىدا بىر
ھۇجرا ياسىتىپ تويى مەرىكىسىگە كەلگەن نۇرغۇن چىرايلىق ساھىبجامال ياش
قىز - چوكانلارنى يىغدۇرۇپ، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋاتقانىكەن.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قوزغىلاڭچىلار غەزەپلىنىپ، سۇلتان مامۇتنىڭ
ئەيش - ئىشرەتخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئۇ زالىمنى تۇتۇپ دارغا ئېسىپ،
تۇرپان خەلقىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلانغاندا بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان
ئادىل قاغا دېگەن بوۋاي قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن مەجىلىل، مەترېھىم لىگا، مويدىن ھاجىم قاتارلىقلا-
ر ئالدىدا يىغلاپ تۇرۇپ: «بالىلىرىم بۈگۈن سۇلتان مامۇتقا قول سالمىساڭلا-
ر» دەپ ئۆتۈنىدۇ ۋە شۇ كۈندىكى چېلىشىش ئويۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ تۇنجى

تىن قوزغىلاڭچىلاردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ. شۇ دەھشەتلىك ئۇرۇش جەريانىدا قان كېچىپ كۆرەش قىلىشۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىدىن مەترېھىم لىگا، قەمەردىن لىگا ۋە زۇھرىدىن پاختا قاتارلىق داڭلىق باتۇرلار ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىدىيىسىدە تەۋرىنىش بولۇپ، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىن بىر قىسىملىرى قېچىپ كېتىدۇ. يەنە بىر نەچچىسى مەنچىڭ ئىستىبدات چېرىكلىرىگە شەرمەندىلەرچە تەسلىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ئۇلارنىڭ غەلىبىسى چېكىنىشكە قاراپ يۈزلىنىشكە باشلايدۇ. بۇ ئاجىزلاپ كەتكەن قوزغىلاڭچى قوشۇن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالالمايدۇ. ئۇرۇش تاكتىكىسىغا نىسبەتەن پىششىق بولغان مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئوردا چېرىكلىرى ھېلىقى تەسلىم بولغانلار ئارقىلىق قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى بىلىۋالىدۇ. شۇڭا مەنچىڭ چېرىكلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قوشۇننى كۈچەيتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قورشاۋغا ئېلىپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى تارايتىپ، سىغداپ كېلىپ ئاخىرى مەجلىل، مازىت لىگا، بازىل پاختا، روزىمەت تەڭنە، زايىت نار باشچىلىقىدىكى 60 ـ 70 تەك قوزغىلاڭچىنى ئەسىرگە ئېلىۋالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئىچىدىن مەجلىل لىگا، مازىت لىگا، زاكىر شاڭيو، روزىمەت تەڭنە، زايىت نار باشلىق 7 نەپەر كىشىنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا كويزا ـ كىشەن، بوينىغا قۇۋۇق تاقاپ تۇرپان شەڭگەن يامۇلىغا يالاپ ئېلىپ كېتىدۇ ھەم قەتلى قىلىدۇ.

شۇ چاغدا مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ تۇرپان خەلقىگە سالغان ھەر خىل ئالۋاڭ ـ ياساق سېلىقلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن خەلق تۇرمۇشى ناھايىتى ئېغىرلاپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا تۇرپان خەلقىنىڭ مۇستەبىت زالىم مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ھەم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى بولغان نارازىلىقلىرى كۈچىيىپ پەلەككە يېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئەينى چاغلاردا تۇرپاندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن

ئەۋەتكەن چېرىكلەر بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قالدۇق چېرىكلىرى بىرلىشىپ 23 ـ ماي قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يەنىلا قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ شەرمەندىلەرچە قېچىپ كېتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنى بىر نەچچە كۈن ئىشغال قىلىپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنلەردە قۇمۇل ۋە تۇرپاندىن چېرىكلەر كېلىپ، ئوردا چېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نەچچە كۈن قاتتىق جەڭ قىلىشقاندىن كېيىن، ئاخىرى قوزغىلاڭچىلار مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ، ئۇدۇل ئۆرتەڭ غول ئېغىزىغا چىقىپ، بېكىنىۋالىدۇ.

قوزغىلاڭچىلارنى كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن مەنچىڭ چېرىكلىرىنى، قوزغىلاڭچىلار ئېغىزىغا كىرگۈزمەي ئۇزۇن تىركىشىدۇ. شۇ مەزگىللەردە تۇرپان، قۇمۇل ۋاڭلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇلاردىن ياردەم سورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆپلىگەن چېرىك ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇرۇشىدۇ. قوزغىلاڭچىلارمۇ بوش كەلمەي، غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن مانجۇ چېرىكلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلاردىن نۇرغۇننى يوقىتىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ، مەنچىڭ ئىستىبداتچىلىرىنىڭ چېرىكلىرىنى كۆپلەپ يوقاتقان غەلىبە خۇش ـ خەۋىرىنى ئاڭلىغان يۇرت خەلقى:

چېرىكلەر ئاتقىدەك تاشقا،
باتۇرلار ئېتىپتۇ باشقا.
ئەي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم،
نۇسرەت بەر قېرىنداشقا.

دېگەن قوشاقنى، ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتقان.

ئۇرۇش شۇ تەرىقىدە شىددەتلىك بولۇپ، ۋاقتىمۇ ئۇزىراپ، ئۆرتەڭ غولىدىكى ئۇرۇش 3 ـ ئايغا سوزۇلۇپ كەتكىنى ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىمۇ ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئەمما ئىستىبدات مەنچىڭ چېرىكلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئۈزۈلمەي چىقىپ ئوردا چېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ كۆپەيگىنى ئۈچۈن، كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا چېرىكلەر سان جەھەت-

لارنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئانانۇرخاننىڭ ئاتا - ئانىسىنى قورقۇتۇپ، قىزىـ نى جىلىلدىن تارتىۋالماقچى بولىدۇ. ئاخىرى سۇلتان مامۇتنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئانانۇرخان ئىلاجىسىز يىغلاپ تۇرۇپ، سۇلتان مامۇت بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلۇپ، ئاتا - ئانىسىغا رازىلىق بىلدۈرىدۇ. توي بولىدىغان كۈنى بۇ ۋاپادار، ئاق كۆڭۈل قىز، يېنىغا بىر تال ئۇستۇرىنى يوشۇرۇن ئېلىۋالىدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا:

زەم - زەم سۈيى بولاقتا،
ئالتۇن ھالقا قۇلاقتا.
ئۈستىكىنە ئانانۇر،
«دۆلەت باغدا» سولاقتا.

دېگەن قوشاق ھازىرغىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

توي تۈگەپ كەچتە ھۇجرىغا كىرگەندە ئانانۇرخان سۇلتان مامۇت بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ ئۇنىڭ قوساق، يوتا قىسىملىرىغا ئۇستۇرىنى ئۇرۇپ گۆشـ لىرىنى تىلما - تىلما قىلىپ تاشلايدۇ. بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى بىلگەن ئوردىدىكى ئاتارمەن، چاپارمەنلەر دەرھال ئانانۇرخاننى زىندانغا تاشلاپ، سۇلـ تان مامۇتنى خەلقتىن يوشۇرۇپ، «ۋاڭ خوجامغا يىرىڭلىق جاراھەت چىقىپ قاپتۇ. ئۇنى سالقىنراق ئۆرتەڭ غولىدىكى ئارشاڭدا داۋالىتىمىز» دەپ ئۆرـ تەڭ غولىغا ئېلىپ چىقىدۇ. لېكىن ئۇ ئىبلىستىن قان كۆپ چىقىپ قانسىراپ كەتكەنلىكىدىن داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1900 - يىلى 4 - ئايدا 35 ياش ئەتراپىدا ئۆلىدۇ.

## 13 - ئىمىن ۋاڭ

ئىمىن ۋاڭ سۇلتان مامۇتنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ گۇڭشۈيىنىڭ 33 - يىلى (مىلادى 1907 - يىلى)، چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتىگە «ۋاڭلىقىمىزغا تەۋە بولغان يەر ۋە باج سېلىقنى ناھىيە يىغىۋالدى. جان باقمىقىمىز تەسكە توختاۋاتىدۇ» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ سۇنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى ئىمىن ۋاڭ سۇنغان مەكتۇپقا ئاساسەن «مۇشۇ ۋاڭغا (ئىمىن خوجىغا) تەۋە تېرىلغۇ يەرلەر ۋە باج سېلىقلار ئېنىق ئايرىلغانـ

ئېچكىرىدىن چىققان مەنچىڭ چېرىكلىرى، تۇرپان خەلقىنى تالان تاراج قى-
لىپ، خەلقنىڭ بىر قىسىم يەر - زېمىن، مال دۇنياسىنى بۇلاپ - تالاپ
ئۆز ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، خەلقنى ھەددى ھېسابسىز بوزەك قىلىشقا باشلاي-
دۇ، ھەتتا تۇرپان ۋادىسىنىڭ بەزى بىر يېزىلىرىغا ئورۇنلىشىۋالغان ئىستىب-
دات مەنچىڭ چېرىكلىرى يەر ئىگىلەپ، گوروھخانە قۇرۇپ، جازانىخورلۇق
قىلىش بىلەن تۇرپانلىقلارنىڭ قان - تەرىنى شورايدۇ. شۇ مەزگىللەردە تۇرپان
خەلقى ئىستىبدات چېرىك مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن زالىم ۋاڭ ئوردىسىنىڭ
خەلققە يۈكلىگەن ھەر خىل سېلىقلىرىنى تۆلىيەلمەي جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ
قالغاندا «ئۆلمەك - ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك خەلقنىڭ جازانىخورلاردىن
ئالغان قەرزىنىڭ ئۆسۈمى ھەسسىلەپ ئۆسۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن
جازانىخورلاردىن قەرز ئېلىپ ئۆز ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلەرنىڭ ئۆزلىرى
قول، خوتۇن - قىزلىرى دېدەك بولۇپ، جازانىخور مەنچىڭ چېرىكلىرىگە
ئىشلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

تۇرپان خەلقى ئەنە شۇنداق ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە جان تالىشىپ
ھاياتىنى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا زالىم قانخور سۇلتان مامۇت ۋاڭ، تېخىمۇ ھەددىدىن
ئېشىپ، خوتۇن ئۇستىگە خوتۇن ئېلىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئاچىدىغان ئەيش -
ئىشرەت، كەيىپ - ساپا بىلەن بولۇپ كېتىدۇ. 1899 - يىلى پىچاننىڭ
مۇرەن مەھەللىسىدىكى جېلىل دېگەن يىگىت بىلەن ئانانۇرخان دېگەن قىز
بىر - بىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشۈپ ئاشىق - مەشۇق بولۇشقاندا ئۇلارنىڭ
بۇ خىل ھەقىقىي ساپ مۇھەببىتىنى يۇرت ئەھلى قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بىلەن
ئىككى تەرەپتىكى ئاتا - ئانىلارمۇ رازىلىق بېرىپ ئۇلارنىڭ توي - مەرىكىسىنى
ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. شۇ ئارىدا ئوردا پايلاقچىلىرىدىن بىرى، ئانانۇرخاننىڭ
بەك لېۋەن، ئوماق، چاچلىرى ئۆشىقىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان سۇمبۇل چاچ-
لىق، گۈزەل، پەرىي قىز ئىكەنلىكىنى، سۇلتان مامۇتقا يەتكۈزىدۇ. بۇ
خەۋەرنى ئاڭلىغا سۇلتان مامۇت ئانانۇرخاننى كىچىك خانىشلىققا ئېلىش نىيد-
تى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزىدۇ. ئۇ يۇمشاق، قاتتىق ۋاستى-

دورغىلارنى ۋاڭلىق ئوردىغا چاقىرىپ ئۇلارغا يۇرت پۇقرالىرى مەنچىڭ ئىستىبدات چىرىكلىرىگە قارشى تۇرماسلىقى بەلكى ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارغا قەتئىي ئىتائەت قىلىش توغرىلىق يارلىق چۈشۈرىدۇ. بۇ خىل ئادالەتسىز ۋە ساتقىنلىق ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان يارلىققا قارىتا، ئامىر دورغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئىمىن ۋاڭ، شۇ ھامان ئامىرنىڭ دورغىلىق مەنسۇپنى ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ئامىر دورغىمۇ شۇ سورۇندىلا ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە «قاراپ تۇرغىن، سېنىڭدەك تازنى چاتارامدىن ئۆتكۈزمىسەم ئوغۇل بالا بولماي كېتەي» دەپ قەسەم ئىچىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئوردىدىن چىقىپ ياڭخېيغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئامىر دورغا ياڭخېيغا كېلىپلا ئۆزى ئولتۇرغان قورۇسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى چوڭ يول ئۈستىگە (ۋاڭلارنىڭ تۇرپان تەرەپكە بېرىشىدا ياڭخېيدىكى چايباغدا تاماقلىنىپ ئۆتۈشى ئۈچۈن ماڭىدىغان يولى) ئۇزۇنلۇقى 100 مېتردەك، كەڭلىكى 13 مېتر، ئېگىزلىكى 7 ـ 8 مېتر كېلىدىغان بىر ھەيۋەتلىك چوڭ ئەگمە ئەگدۈرىدۇ. ئامىرنىڭ مۇددىئاسى ـ ئىمىن ۋاڭ ئەگمە ئاستىدىكى يولدىن ئۆتكەندە ئەگمە ئۈستىدە چاتارىسىنى كىرىپ تۇرىۋېلىپ، ئىمىن ۋاڭنى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

دەرۋەقە شۇندىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىمىن ۋاڭ تۇرپان تەرەپكە سەپەر قىلماق بولۇپ، ياڭخېيدىكى چاي باغقا بېرىش ئۈچۈن ئامىر دورغا ئەگدۈرگەن ئەگمىنىڭ ئاستىدىكى چوڭ يولدىن ماڭماقچى بولغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئامىر دورغا دەرھال ئەگمىنىڭ ئۈستىدە چاتارىسىنى كىرىپ تۇرىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىغان ئىمىن ۋاڭ ئەگمىنىڭ ئاستىدىكى يولدىن ئۆتكەندە، ئامىر ئىمىن ۋاڭغا قاراپ «قانداق ۋاڭ غوجام، ئەمدىغۇ چاتارامدىن ئۆتكەنلا» دەيدۇ. ئىمىن ۋاڭمۇ كەينىگە قاراپ «ھەي خوتۇن تالاق ئاخىرى دېگىنىڭنى قىلدىڭ ھە» دەپ يولىغا راۋان بولىدۇ. شۇڭا ياڭخېيلىقلار ئىمىن ۋاڭنى مەسخىرە قىلىپ:

مۇ يوق؟ ئۇيغۇر ۋاڭىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن خىراجەت كېرەكمۇ يوق؟ تەكشۈرۈپ كۆرۈڭلار» دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈرگەن ھەم تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىمىن خوجىغا تەۋە بولغان يەر، زېمىن، يايلاق قاتارلىقلار ئاجرىتىپ بېرىلگەن.

گۇڭشۇنىڭ 30 - يىلى ئىمىن ۋاڭ قومۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ قىزى خان فۇجۇڭ خېنىمغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك تويلۇق بەرگەن.

يۈز تۆگە، يۈز ئات، يۈز كالا، مىڭ تۇياق قوي، ئىككى يۈز تاغار بۇغداي، يۈز تاغار خورما، يۈز تاغار زاراڭزا ئۈرۈكى، يۈز تاغار كەندىر، مىڭ جىڭ يېشىل ئۈزۈم، مىڭ جىڭ گۆلە قاق، مىڭ سەر كۈمۈش، 5000 سەر تەيزە، بىر يىلنى 3 ئايدىن 4 پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر پەسىلنى 90 كۈنگەن بۆلۈپ، ھەر كۈنگە بىر ياقىدىن كىيىم ياكى كىيىملىك رەخت، بۇنىڭ ئىچىدە قىشلىق 90 كۈنگە ھەر خىل تۈلكە، بۆرە، سۇلۇسۇن، سۆسەر تېرىلىرىدىن ئىشلەنگەن ئۇزۇن - قىسقا جۇۋا، پىنجەك، كوزلۇك، يازلىق، ئەتىيازلىق كىيىملەردىن تويلۇق سالغان. بۇندىن باشقا يۈز جوزىلىق مىۋە چېۋە - كۆكتات بەرگەن ھەم 41 كېچە كۈندۈز توي بەزمە قىلىپ بەرگەن.

1911 - يىلى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان شىنجەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن يەرلىك فېئودال ۋاڭلارنىڭ تۈرلۈك ئىمتىيازلىرى بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، دازۇڭتۇڭ سايلىمىدا ھوقۇق يەنشىكەينىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەچكە، يەنشىكەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئىمىن خوجىنى قايتىدىن چىڭ ۋاڭلىققا ئۆستۈرىدۇ ھەم ئۇنى نۇرغۇن ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىدۇ. بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە ئىمىن خوجىنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بارلىقى مەلۇم.

ئىمىن، ۋاڭلىق تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا پۈتۈن تۇرپان دىيارىدىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن ئەھلى - ئىلمىي كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ۋاڭ ھوزۇرىدا قول قوشتۇرۇپ ئۇنىڭ يارلىقىنى كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

شۇ ۋەجىدىنمۇ 1907 - يىلى ئىمىن ۋاڭ پۈتۈن تۇرپان دىيارىدىكى

ـ زومبۇلۇقلىرىغا چىداپ تۇرالمىغان تۇيۇقلۇق قايىت زور (قايىت ئىلان تىللىق دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) دېگەنلەر تۇيۇقتىكى غورۇرلۇق ياشلارنى تەشكىللەپ، جازانىخورلارغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىق قىلىپ غالىبە قىلالمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن جازانىخورلارنىڭ تۇيۇق خەلقى ئۈستىدىكى زۇلۇمى تېخىمۇ كۈچىيىش بىلەن ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاخىرى ياڭخېي كارىزىغىمۇ كېڭىيىدۇ. شۇڭا تۇيۇقلۇقلار بىلەن ياڭخېي كارىزلىقلارنىڭ جازانىخورلارغا قارىتا نارازىلىقى كۈچىيىپ پەلەككە يەتكەن كۈنلەردە، تۇيۇقلۇق قايىت زور باشلىق بىر قىسىم ياشلار ياڭخېيغا چۈشۈپ، ئامىر دورغىغا تۇيۇقتىكى ئۇۋالچىلىق ئەھۋاللارنى ئېيتىپ، جازانىخورلارغا قارشى قوزغىلىشقا ئامىر دورغىنىڭ باشچى بولۇپ بېرىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

بۇ خىل خورلۇققا چىداپ تۇرالمايدىغان ئوت يۈرەك ئامىر دورغا تۇيۇقلۇق ياشلارنىڭ تەلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالىدۇ، ھەم ئىشنى قەيەردىن باشلاش توغرىلىق ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ، پىلان تۈزۈيدۇ. ئۇلار تەپسىلى كېڭىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ياڭخېي كارىزىدىكى جازانىخور سىمىزى دېگەن كىشىنى ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارغا ئارىيەتكە بېرىشكە زورلىماقچى بولىشىدۇ. مۇبادا سىمىزى دېگەن جازانىخور ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە كۆنمىسە، ئاندىن ئۇنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بېرىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋاللاردىن ئالدىن خەۋەر تاپقان ئىمام باقى ئاقساقال ۋە لىجىن شاڭيۇ دېگەنلەر ياڭخېيدىكى قوزغىلاڭ ئەھۋاللىرىنى تۇرپان شەڭگەن يامۇلى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا مەلۇم قىلىدۇ. شۇڭا تۇرپان شەڭگەن يامۇلىدىن يايىلار كېلىپ، يامۇلدا يىغىن بار دېگەننى باھانە قىلىپ، كامىل دورغىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى نەزەر بەنت قىلىپ تۇتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كامىل دورغا ئامىرلار يىغىلىشقا قاتنىشالماي قالىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ پىلانى بويىچە سىمىزى دېگەن كىشىنى تۇر-

ئۆردەك ئاتىمەن دەپ ئاتقىنى غاز ئىكەن،
بېرىش ئۈچۈن تۇرپانغا ھەم زىيارەتكە.
ئۆتكەن كىشى ئامىرنىڭ چاتارىسىدىن،
تۇرپاننىڭ ۋاڭى ئىمىن دېگەن تاز ئىكەن.

دېگەن قوشاقنى ئېيتقان ئىكەن. ئەشۇ خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ۋاڭ ئوردىسى بىلەن ئامىرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىنلىشىپ، ئۆز - ئارا سۈركىلىش كۈچىيىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ياڭخېيلىقلارنىڭ رايى ۋە ئۇلارنىڭ ئوردىغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن ئاخىرى ئامىرنىڭ ئىنىسى كامىل، دورغا بولۇپ سايلىنىدۇ. كامىل يۇقىرى سەۋىيىلىك، تەدبىرلىك، چىقىشقاق، خۇشچاقچاق، قىزىقچى ئادەم بولغانلىقتىن ۋاڭ ئوردىسى ھەم تۇرپان شەھىرىدىكى ئامباللار بىلەن ئوبدان كېلىشىپ ئۆتىدۇ. ئۇ دورغىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ياخشى ئۆتەيدۇ. كامىل دورغا بولۇپلا شەھەردىكى يامۇلى بىلەن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ياڭخېي خەلقى ئۈستىگە سالغان ئالۋاڭ - ياساقلارنى ئازايتىپ ھەم بەگلەرنىڭ زوراۋانلىقىنى چەكلەش توغرىلىق ئەرز بېرىپ تۇرۇدۇ. شۇڭا كامىل دورغىنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئابرويى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ياڭخېيلىقلارمۇ خېلى ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما شۇ چاغلاردا تۇيۇق خەلقى، تۇيۇقتا ئولتۇرۇشلۇق مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قالدۇقى شاڭفۇر قاتارلىقلارنىڭ قەۋەتلا بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. شاڭفۇرلار تۇيۇق خەلقىگە جازانىخورلۇق يۈرگۈزۈش بىلەن تۇيۇق خەلقىنى قەرزگە بوغاتتى. بۇنىڭ بىلەن جازانىخورلار ئۆسۈم ھەققىنى ئاشۇرۇپ تۇيۇقلۇقلارنى قەد كۆتۈرەلمەس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوياتتى. جازانىخورلارغا قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلەرنىڭ ئەرلىرى تەپمە چورۇقلاردا (پاختىنى چىگىتتىن ئايرىش ماشىنىسى) دا جازانىخورلار ئۈچۈن پاختا چىقىراتتى. خوتۇن - قىزلىرى جازانىخورلارنىڭ غوزىكىنى چۇلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقلۇقلار جازانىخورلار تەرىپىدىن قاتتىق خورلىنىپ، خوتۇن - قىزلىرى دەپسەندە قىلىنغان ئىدى. جازانىخور شاڭفۇر قاتارلىقلارنىڭ بۇ خىل زورلۇق

نىغان ئامىر دورغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، شۇ جايىدىلا ئۇلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، لېيجىر شاڭيۇ چاققانلىق قىلىپ قېچىپ قۇتۇلۇۋالىدۇ. ئىمام باقى ئاقساقال تاياق زەربىسىدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەنلا خەلق قوزغىلىپ ئامىر باشچىلىقىدا تۇيۇق ۋە ياڭخېي كارىزلاردىكى جازانىخور مەنچىڭ چېرىكلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جازانە ئۈچۈن تۇتقان ھېسابات داڭزىلىرىغا ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامىر يېغىلىقى مەيدانغا كېلىدۇ. تۇيۇق ۋە ياڭخېي كارىزدىكى دېھقانلار جازانىخورلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمىدىن قۇتۇلىدۇ. بۇ ۋەقەگە لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ياللانما چېرىكلىرى ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن 1909 - يىلى 5 - ئايدا ياڭخېي كارىز ۋە تۇيۇقتىن بولۇپ 90 - 100 ئەتراپىدا ئاتلىق قوشۇن تەشكىللىنىپ، ئامىر دورغا باشچىلىقىدا لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئوت قويۇش بىلەن ۋەقە يېغىلىقىقا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپاندىن چېرىك كېلىپ ئوردا چېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئامىر يېغىلىقىنى باستۇرماقچى بولغاندا، ئۇلار بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ، چېرىكلەرنى چېكىندۈرىدۇ. شۇ ئەسنادا قۇمۇلدىن چېرىك كېلىپ، قالغانلىقتىن قوزغىلاڭچىلار قاتتىق تىركەشكەن بولسىمۇ، ئاخىرى بولالماي ئۇلارمۇ ئۆرتەڭ غولىغا كىرىۋالىدۇ.

ئۆرتەڭ غولىدىكى ئۇرۇش بىرەر ھەپتىگە سوزۇلغاندىن كېيىن، بىر كېچىسى قايىت زور باشچىلىقىدىكى تۇيۇقلۇق قوزغىلاڭچىلار قويرۇقىنى قىسىپ تىكىۋېتىپ، جىمسار، سەنتەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مەلۇم مەزگىل پاتالىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەنچىڭ ئىستىبدات چېرىكلىرى بىلەن ئوردا چېرىكلىرىگە تاقابىل تۇرۇش، پەقەت ياڭخېيلىقلارنىڭ زىممىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلار باتۇرلۇق بىلەن قان كېچىپ كۈرەش قىلىدۇ. ئۆرتەڭ غولىدىكى بىر قېتىملىق جەڭدە دۈشمەن قورشاۋىدا قالغان يۇنۇس، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىش ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، 10 نەچچە مەئۇلنى يەر چىشلىتىپ، ئاخىرى ئۆزىمۇ باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولىدۇ. شۇڭا يۇرت خەلقى بۇ باتۇر ئوغلىنى سېغىنىپ:

مۇش قىيىنچىلىقى بولغان دېھقانلارغا ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى، ئارىيەت بې-
رىشكە ئۈندىگەندە، ئۇ پەقەت قوشۇلماي جازانىغا بېرىمەن دەپ قاتتىق تۇرۇۋا-
لىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 1909 - يىلى 5 - ئايدىكى سېرىق تال ۋاقتىلىرىدا
يىمەك - ئىچمەك قىيىنچىلىقى بولغان تۆيۈق ۋە كارىز دېھقانلىرىغا ئەھۋالغا
قاراپ 7 - ئايدا قايتۇرۇپ ئېرىنغا سېلىپ قويۇش شەرتى بىلەن دېھقانلارنىڭ
ئىسمىنى خاتىرلىۋېلىپ ئاندىن ئامىرنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى كازىم جىيسا
باشچىلىقىدا سىمىزنىنڭ ئامبىرىدىكى ئاشلىقلارنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىشكە
مەجبۇرىي كۆندۈرىدۇ. بۇنىڭغا چىدىمىغان سىمىزى ئاتارمىنى سەپەر كەتمىنى
چوڭ دېگەنگە يول كۆرسىتىپ، كازىم جىيسانى بىر توقماق ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ
قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا يۇرت خەلقى قوزغىلىپ جازانىخورلارنىڭ ئاشلىق
ئامبار، قورۇ - جايلىرىغا ئوت قويىۋاتىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامىر دورغا
كېلىپ قارىسا ئەھۋال ئېغىر، ئىنىسى كازىم جىيسامۇ داۋالاش ئۈنۈم بەر-
مەي، بىر كۈندىن كېيىن جان ئۈزىدۇ. شۇ چاغدا ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتىنى
مۆلچەرلىگەن ئامىر دورغا كارىز ۋە تۆيۈقتىكى ئاددىي خەنزۇ دېھقانلارنى
يىغىپ، ئەھۋالدىن ئۇلارنى تولۇق خەۋەرلەندۈرىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا «سىلەر
بۇ يەردە ئەمدى تۇرماڭلار، تۇرۇپ قالساڭلار يۇرت خەلقى قوزغىلىپ،
سىلەرگىمۇ جازانىخورلار قاتارىدا قاراپ ئۇۋال قىلمىسۇن، شۇڭا سىلەر
دەرھال تەييارلانساڭلار كېچىلىككە بىر قانچىلىغان هارۋىدا سىلەرنى تۇرپان،
پىچان قاتارلىق ئورۇنلارغا ئاپىرىپ قويسۇن، شۇندىلا سىلەر تىنچ ئامان
قالىسىلەر» دەپ ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئۇ ۋەقەدىن ئۆلۈم - يىتىم هادىسىسى كېلىپ
چىققانلىقتىن ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پەقەت
نەق قاتىلنى تۇرپان شەڭگەن يامۇلى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا ئېنىقەن
مەلۇم قىلىشنى ئامىر ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق مەلۇم قىلىش پۈتۈ-
گىدە (خېتى) ئىمام باقى ئاقساقال بىلەن لىيەنجىر شاڭيۇ دېگەنلەر ۋەقەنىڭ
خاراكتېرىنى بۇرمىلاپ يېزىپ قويىدۇ. بۇ خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلا-

لەرگە ئەجەللىك زەربە بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار كەلتۈرسەك دېگەن مەقسەت بىلەن ھوزۇرىڭغا مەكتۇپ يوللىدىم. قايتىپ كېلىشىڭلارنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتىمىز - ئىنشائاللاھ» . . . دېيىلگەن.

مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلانغان ئامىر دورغا گەرچە ئىككىلەنگەن بولسىمۇ، مەكتۇپ ئەۋەتكۈچى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى ھەم سىرداش دوستلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆرتەك ئىچىمىزدا دۈشمەن بىلەن 30 - 40 كۈندەك جەڭ قىلىپ ھېرىپ - چارچاپ، زېرىكىپ كەتكەن قوزغىلاڭچى قوشۇندىكى ئەزىمەتلەرنىڭ يۇرتقا قايتىش تەلىپى بىلەن ئۇلار يۇرت ئىچىگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ.

شۇ خۇشاللىقىدا ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ يۇرتقا قايتىپ، ئۇدۇل كارىزدىكى ساۋۇت باينىڭ قورۇسىغا چۈشىدۇ. ساۋۇت قوزغىلاڭچى قوشۇندىكىلەرنى قىزغىن قارشى ئالغان قىياپەت بىلەن ئۇلارغا ئاتاپ كالا - قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ.

خېلىدىن بېرى ئۇرۇش قىلىپ، يول يۈرۈپ، ھاردۇق يېتىپ قالغان قوزغىلاڭچىلار تاماقلىنىپ بولۇپلا غەرق ئۇيقۇغا كېتىدۇ.

شۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ساتقىن، ئالدىنئالا ئۆزىنىڭ كىچىك كارىزىنىڭ قورۇسىغا بۆكتۈرمە قىلىپ قويۇلغان مەنچىڭ چېرىكلىرى بىلەن ئوردا چېرىكلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇننى قورشىۋالىدۇ. ساۋۇتنىڭ قورۇسى تۆت ئەتراپى 3 - 4 مېتر ئېگىزلىكتىكى سوقما تام بىلەن پۇختا قورشالغان ھەم كارىز سۈيى شۇ قورو ئىچىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ كۆلگە قويۇلاتتى. تۇيۇقسىز قورشاۋدا قالغان قوزغىلاڭچىلار چېرىكلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، چېرىكلەر قولايلىق شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشكە ئىمكان يار بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كۈندىكى ئۇرۇشتىن ئامىر دورغىنىڭ ئىنىلىرىدىن فازىل، يۈسۈپ دېگەنلەر قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ قۇربان بولىدۇ. ئاخىرى مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ قورشاپ قىلغان كۈچلۈك ھۇجۇمىغا تاقابىل

ئۆرتەڭ يولى تاش ئىكەن،
ئامىر دورغا باش ئىكەن.
ئۇرۇشتا ئۆلەپ كەتكەن،
يۇنۇس قارى ياش ئىكەن.

ئۆرتەڭ يولى يۇلغۇنلۇق،
ئەجەپ ئۆسكەن ھەيۋەتلىك.
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى،
يۇنۇس دىگەن رەھمەتلىك.

دىگەن قوشاقلارنى توقىغان.

شۇنداق ئامىر دورغا قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، جاسارەت بىلەن مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ ھوجۇملىرىنى چېكىندۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەشىپ، دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا چېرىكلەر تېرە پىرەڭ بولۇپ قېچىپ، ئۆرتەڭ ئېغىزىدىن چېكىنىشكە باشلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ، دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىگىشلىك ئەدىپىنى بېرىپ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشىدۇ. قوزغىلاڭچىلار غەلبە قۇچۇپ مەنچىڭ چېرىكلىرىگە ئەجەللىك جازا يۈرۈش قىلىۋاتقان چاغدا، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاڭ ئوردىسى تىل بىرىكتۈرۈپ، سىتىلما مۇناپىق ساۋۇتنى ئىشقا سالىدۇ. ساۋۇت خوجايىنلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەكتۇپ يېزىپ، بىر چاپارمەننى ئۆرتەڭ غولىدا غەلبە قۇچۇپ، قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ سەركەردىسى ئامىرنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتىدۇ. مەكتۇپتا: «ھۆرمەتلىك تۇغقۇنۇم، سىرداش دوستۇم، ھازىر ياڭخىي ۋە كارىزدىن بولۇپ يەنە بىر قىسىم قوزغىلاڭچى ياشلار كەمىنە باشچىلىقىدا دۈشمەنگە قارشى ئازادلىق يولىدا تەشكىللەندى. مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭمۇ يۇرتقا كېلىپ خەلققە پاراكەندىچىلىك سالىدىغان ئىشلىرىمۇ ئاساسەن توختاپ قالدى. شۇڭا قوزغىلاڭچى قوشۇن يۇرتقا كەلسە، بۇ يەردە تەشكىللەنگەن قوشۇن بىلەن بىرلەشسە، كۈچىنى ئۇلغايتىپ، دۈشمەن-

قايغۇرۇپ كەتمەي باللارنى ئوبدان تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇشنى تاپىلايدۇ. ئۇقۇمۇشلۇق، ئەقىل - پاراسەتلىك، تاتلىق سۆزلۈك زۆھرەخان تەمكىن ھالدا ئامىر دورغىغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك شېئىرى ئارقىلىق تەسەللى بەرگەن:

بىۋاپا دۇنيادىن مەغرۇر شۇڭقارىم كەتتى،
شوم ئەجەل بوگۈن ۋاپادار يارىمغا يەتتى.
زامانىنىڭ كاجلىقىدىن پەلەك ھەم چۆرگۈلۈپ،
لاچىندەك باتۇرلارنىڭ باشلىرىمۇ كەتتى.

خاتىرجەم يانتايسىلەر باتۇر شۇڭقارلىرىم،
ئەل - يۇرت ياردىمىدە ئۇمىدنى ئۈزمەيمەن.
مەنچىلىك ۋە ئىمىنىدىن ئىنتىقام ئالمىغىچە،
بۇ كۆرەش يولىدىن زادى ھەرگىز قايتمايمەن.

شېئىرنى ئاڭلىغان ئامىر دورغا، ئايالىغا قايىل بولغان ھالدا رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئەمدى پانى دۇنيادىن خاتىرجەم كۆزۈم يۇمۇلۇپ كېتىدىغان بولدۇم دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يۇرتداش بۇرادەرلىرى بىلەن خەيرلىشىپ، قەدىرلىك مەھبۇبى زۆھرەخان ۋە يۈرەك پارىسى بولغان تۆت نەپەر ئەزىز باللىرى بىلەن خوشلىشىپ بولغاندا، چېرىكلەر ئۇلارنى يالاپ، سۆيۈملۈك يۇرتىدىن ئايرىپ، تورپانغا قارىتىپ يول ئالىدۇ. ئامىر دورغا باشلامچىلىقىدىكى بىر قانچە قوزغىلاڭچىلار باشلىقلىرىنىڭ، مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن تورپان تەرەپكە ئېلىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قارا غوجا، ئاستانە خەلقى، تورپان يولىنى بويلاپ سەپ تارتىپ تىزىلىپ، تورۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقلىرى ئۈچۈن مېۋە - چېۋە، ئوزۇقلۇقلىرىغا ياغلىق توقاچ، خىراجىتى ئۈچۈن تەڭگە پۇل قاتارلىقلارنى ئۇلار ئولتۇرغان ھارۋىلارغا تولدۇرۇۋېتىدۇ. بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئۆز قەھرىمانلىرىنى مەدھىيىلەپ:

ئامىر باتۇر،
مەنچىلىك كۆزىگە قادالدىڭ.

تۆرۈشقا كۆزى يەتمىگەن بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلار، قورۇ ئىچىدىكى كارىز تىلمىسى ئارقىلىق قۇدۇق تەشمىسى ئىچىگە كىرىپ، ئۇ يەردىن قۇدۇقلار ئارقىلىق، سىرتقا چىقىپ، قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئامىر باشلىق 30 ـ 40 نەپەر قوزغىلاڭچى مەنچىڭ چېرىكلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالىدۇ. قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرىدىن ئامىر دورغا، نازىم. . . قاتارلىق 5 ـ 6 نەپەردىنىڭ قول ـ پۇتلىرىغا كويزا ـ كىشەن، بوينىغا قۇۋۇقلار تاقاپ، هارۋىدا تۆرپان شەگەن يامۇلىغا يالاپ ئېلىپ مېڭىلغاندا ساتقىن ساۋۇت يالغاندىن يىغلاپ، ئامىرنىڭ يېنىغا كېلىپ «مېنىڭ سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىم يوق ئىدى، بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بولغاندۇ، مېنىڭدىن رازى بولغايسەن ئاغىنە» دەيدۇ. ئامىر دورغىمۇ «دەرۋەقە راست ئېيتىسەن، تۇغقانلىق بىلەن ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزدىڭ. ئاخىرى ئىتنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلگەسەن ـ مۇناپىق» دەپ يۈزىگە بىرنى تۈكۈرىدۇ. ئاندىن

كۆلۈپ باققىن ئەي مۇناپىق،
مەن كۆرمىسەم كۆرەر ئەۋلاد.
بولارسەن بىر كۈنى سەنمۇ،
گۆلۈڭ تۈزۈپ بولۇپ بەربات.

دېگەن قوشاقنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، كۆپچىلىك بىلەن خوشلىشىدۇ. ئۇلارنى كارىزدىن ـ ياڭخېيغا يالاپ ئېلىپ كەلگەندە تۇغقانلار بىلەن يۇرت خەلقى يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ، قول پۇلاڭلىتىپ، باتۇرلارغا ئاللا جەننەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان هالدا ئۇزىتىۋاتقاندا، يۇرت خەلقىنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىززەت ـ هۆرمىتىنى كۆرگەن ئامىر دورغا خەلق بىلەن تۆۋەندىكى قوشىقى ئارقىلىق خوشلىشىدۇ.

ئەزىز يۇرتۇمدا بولۇپ ئۆتتۇمەن خاندان،
ئىچىمىزدىن ساتقىن چىققىنىغا مەن هەيران.
ئەۋلادىمىز ئىز بېسىپ ئاتلانسا كۆرەشكە،
بولۇر ئىستىبدات مەنچىڭمۇ بىر كۈنى ۋەيران.

ئاندىن بىر نەۋرە سىڭلىسى، ئۆمۈرلۈك مەهبۇبى زۆهرەخانغا، بەك

لىپ، شەنگەن يامۇلىنىڭ قان ھىددى پۇراپ تۇرىدىغان قارا دەۋازىسى ئىچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاندىن ئامىر دورغا، نازىم جىيسا، سېتىمەت زور . . . قاتارلىق بەش نەپەرىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنى كېچىسى يوشۇرۇن قەتلى قىلىدۇ. مەنچىڭ ئىستىبداتلىرى بىلەن چىڭ ئوردىسى، ئۇلارنى خەلققە ئىبرەت قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتى بىلەن ئۇلارنىڭ كېسىلگەن باشلىرى سېلىنغان قەپەزلەرنى تۇرپان شەھىرى يامۇلىنىڭ دەرۋازىسى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قارا دەرۋازىسى ھەم ياغىچى ئاچا يول دېگەن يەردىكى ئېگىز قارا ياغاچ باشلىرىغا ئېسىپ سازايى قىلىدۇ. يۇرت خەلقى بىر كۈندىن كېيىن ئۇ باشلارنى ئېلىپ قېچىپ، قەھرىمانلارنىڭ تېنىگە قوشۇپ كۆمۈپ قويىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل تۇرپان شەھىرى يامۇلى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدىكى تەلۋە «تۆرىلەر» نى ئالاقىزادە قىلىپ، ئۇلانىڭ ئىت يۈرىكىنى تىترەتكەن ئامىر يېغىلىقىمۇ بېسىقىپ قالىدۇ. ئاندىن مەنچىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ «قائىدە نىزامى» بويىچە قوزغىلاڭچىلاردىن مەمەت سايىت باشلىق بىر قانچە كىشىنى بىر نەچچە يىلدىن ھەپسىگە ئالىدۇ.

## 14 - مەتسايىت

مەتسايىت ئىمىن ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى. 1933 - يىلى 2 - ئايدا ئۇنىڭ ئاتىسى شىڭ شىسەينىڭ توپ ئوقىدا ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، ۋاڭلىق تامغىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزىنى «ساچىڭ ۋاڭ» دەپ ئاتىغان. قارىغاندا ئۇنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسىنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋارىسلىق قىلىش تەرتىپى بويىچە تەستىقلىغىنى يوق، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ۋاڭ ئاتىلىپ قالغان. ئۇ خەنزۇچە مەكتەپتە 3 يىل، دىنىي مەكتەپتە 4 يىل، جەمئىي 7 يىل تەلىم ئالغان.

1932 - يىلى ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەربى مەسلىھەتچى بولغان. ما جۇڭيىڭنىڭ 1000 ئەسكەر تۇتۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. بۇ ئەسكەرلەر داۋانچىڭغا يېتىپ كەلگەندە 400 دەك ئەسكەر سوغاق ۋە ئاچارچە-

ئەجدادىڭغا ۋارىس بوپ،
قەھرىمان دەپ ئاتالدىڭ.
ئامىر ئۆزى باتۇركەن،
دۇشمەنلەرنى ئاتۇركەن.
ئۇنى كۆرگەن مەلئۇنلار،
چاشقان كەبى قاچۇركەن.
دېگەن قوشاقلىرى ئارقىلىق باتۇر قېرىنداشلىرىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن.

ئامىر دورغىمۇ مەردانىلىق بىلەن:
ئامىر دەپ ئاتىم قالدى،
تۆت بالام يېتىم قالدى.
ۋاپادارىم زۆھرەخانغا،
يادىكار بوپ باللار قالدى.

ساۋۇت دېگەن ساتقىن،
شەنگەنلىكە سايلىنارمۇ؟
ئامىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
ئاغزى - بۇرنى مايلىنارمۇ؟

دېگەن قوشاقنى ناخشا قىلىپ ئېيتىپ، خەلق بىلەن باش لىڭشىتىپ خوشلىشىپ، تۇرپان تەرەپكە قاراپ يول ئالىدۇ.

ئامىرلار تۇرپانغا بارغاندا، تۇرپان خەلقى ئوخشاشلا بۇ سۆيۈملۈك كىشىلەرنى تۇرپان قاڭقىدىن باشلاپ شەنگەن يامۇلىغىچە يول بويى رەتلىك تىزىلىپ، باتۇرلارغا قول ئىشارىتى ۋە تەلمۈرۈپ قاراشلىرى ئارقىلىق كۆڭۈل بىشارىتى بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىشىدۇ. خەلق ئىچىدىكى ئەھلى - ئىلمى كىشىلەر، قەددى - قامەتلىك جەسۇر قەھرىمانلارغا قارىتا «ئاللانىڭ جەننەتتۇل فىردەۋس» ئاتا قىلىشىنى تىلەپ، قول كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان، باتۇر ئوغلانلىرىغا ئېچىنىشلىق قايغۇ ھېسسىياتى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان جۈپ كۆزلەر ئارىسىدىن ئايرى-

ئەلگە قاچماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۇنى پىچان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

1984 - يىلى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ئەسلىدىكى ھۆكۈمگە قارىتا قايتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، كېيىن مەتسايىتقا ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى بېكىتىپ، 1951- يىلى چىقىرىلغان ھۆكۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەتسايىتنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

## 5 . § ۋاڭلارنىڭ بېيجىڭغا سالامغا بېرىشى ۋە ئەمەلناملىرى

### 1 - تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ بېيجىڭغا سەپەرگە چىقىش كۈنى

بۇ كۈنى، ئوردا ئالدىدا كاناپچىلار، سۇنايچىلار، دۇمباقچىلار رەت - رېتى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا يول بويلاپ سەپكە تۇرىدۇ. ناغىرغا تەڭكەش قىلىنغان كاناي، سۇناي، دۇمباقلار نۆۋەت بىلەن ياڭراپ، ئوردا ئالدىدىن سوزۇلغان يول بويىنى بويلاپ پۈتۈن شەھەرنى بىر ئالىدۇ. ئەتىگەندىلا تۇرپاندا تۇرۇشلۇق دوتەي، جىڭتەي، شەنتەي، لوزۇڭ قاتارلىقلار لوكچۇندىكى خان ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ، ۋاڭنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ۋاڭ ئوردىسىدىن چىقىپ ماڭغاندا ئارقىدىن خانلىق چېرىكلىرى ۋاڭنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن سەپ تارتىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن يوغان سەللە ئورىغان، قېنىق يېشىل پەرىجە كىيگەن، قولىغا قۇرئان تۇتقان ئاخۇنۇم ئاتلىق ماڭىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تىلماچ (تۇڭچى بېگىم) ماڭىدۇ. ئاندىن كېيىن 40

لىقتىن ئۆلگەن ياكى مەجرۇھ بولغان. ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كەلگەنلەرنى ما جۇڭيىڭغا تاپشۇرغان.

1934 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك قورۇلتايىنىڭ ۋەكىلى بولغان، قورال ـ ياراقلارنى ئىنقىلاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، پىچاندىكى قورال ـ ياراقلارنى تەكشۈرۈپ، ئىنقىلاپ، شىڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ 5 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. ۋۇجۇڭ شىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە مەتسايىت شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسلىھەتچىسى بولغان.

ئۇ ئۈرۈمچىدە 2 يىل تۇرغان. بۇ ۋاقىتتا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1947 ـ يىلى گومىنداڭ جۇن تۇڭ 2 ـ باشقارمىسىغا ئالاقىچى بولغان. ھەمدە ئىنىسى ئىسكەندەرنى جۇن تۇڭ ئىشپىيونلىقىغا تونۇشتۇرغان. تۇرپان، پىچان، توقسۇن دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە ئۇ مالەنسۇڭ (پىچان ناھىيىسىنىڭ چوڭ پومشىگى) بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئىنىسى ئىسكەندەرگە (پىچان ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى) ئىنقىلابچىلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە تاپشۇرۇق بەرگەن. 1948 ـ يىلى گومىنداڭ مەملىكەتلىك قورۇلتايغا ۋەكىل بولۇپ، نەنجىڭگە بېرىپ، سۇن كې، چىڭ چيەن، بەي چۇڭشىلەر بىلەن رەسىملىرىنى ئالماشتۇرغان، ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن 1950ـ يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن 400 دەن ئاشلىق ئارىيەت بېرىشنى ئېيتقاندا قارشىلىق كۆرسىتىپ بەرمىگەن. ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىپ، 24 سەر ئالتۇنغا ئولتۇراق ئۆي ـ جاي سېتىۋالغان. ھېسامىددىننى ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، ئۆلكىلىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاشلىرىغا زەھەر بېرىپ، 200 دەك ئادەمنى زەھەرلىگەن. 1951 ـ يىلى لۈكچۈنگە خوجىدار ئەۋەتىپ، يەر ئىجارىسى يىغقان، ئۇ مال ـ مۈلۈكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە چىقىپ، چەت

4. تەيجى ـ ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا قول سېلىپ ئىشلىگۈچىلەر، ۋاڭنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرى.

5. چوڭ تەيجى ـ دىنىي سوتقا مەسئۇل كىشى.

6. كىچىك تەيجى ـ ئوردىنىڭ پۈتۈن كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.

7. خەنزۇ كاتىپ ـ دۆلەتنىڭ خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىنىڭ كاتىباتلىقىنى قىلىدۇ.

8. ئەلەم ـ دىنىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى.

9. مەلۇمچى ـ ۋاڭنىڭ مەخسۇس ئىچكى ـ تاشقى خەۋەرچىسى.

10. قازى ـ دىنىي شەرىئەت بويىچە ھۆكۈم چىقارغۇچى.

11. ئىشىك ئاغىسى ـ ئوردا ئەمەلدارلىرىنى يۆتكەش، ئۆستۈرۈش، چۈشۈرۈش بويرۇقىنى ئېلان قىلغۇچى.

12. تۇڭچى (تىلماچ) ـ تەرجىمان.

ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەللەر.

13. مۇپتى ـ دىنىي پەتىۋا چىقارغۇچى.

14. مىرغەزەپ ـ گۇناھقا تارتىلغۇچىلارغا جازا بەرگۈچى.

15. كاتىپ ـ ۋاڭنىڭ خەت ـ ئالاقە، كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى، يەر ـ زېمىن، مۈلۈكلەرنى تىزىملاش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى.

16. ئوڭ بېگى ـ باجگىرلەر باشلىقى.

17. چەپ بېگى ـ ۋاڭلار سىرتقا چىققاندا ئوڭ ـ سولدا يۈرۈپ ۋاڭنى قوغدىغۇچىلارنىڭ باشلىقى.

18. كاھ ـ ۋاڭنىڭ كانىۋايلىرىنىڭ باشلىقى.

19. غەزىنىچى ـ ۋاڭنىڭ غەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى، دەپىن ـ دۇنيالىرىنى باشقۇرغۇچى.

20. بازار بېگى ـ بازار باشقۇرۇشقا، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى باشقۇ-

نەپەر چېرىك پىيادە ماڭىدۇ. چېرىكلەرنىڭ كەينىدىن بىر ئاز ئارىلىق قالدۇ. رۇپ، ناھايىتى يوغان سېرىق كۈنلۈك كۆتۈرگەن بىر كىشى ماڭىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ساقچىلار باشلىقى، بىر تەيجى كاتلىق ئەژدىھا، سۈرەتلىك قېلىچ- لىرىنى ئېسىپ ھەيۋەت بىلەن ماڭىدۇ. بۇلارنىڭ كەينىدىن ۋاڭ 6 كىشى كۆتۈرگەن تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ماڭىدۇ. تەختىراۋاننىڭ ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، رەڭگى سېرىق، 9 ئەژدىھانىڭ رەسمى كەشتىلەنگەن. تەختىراۋاننىڭ تۆپىسىدە ئادەم بېشىدەك چوڭلۇقتا قوبئە ئورنىتىلغان، چۆرە- سىگە قىزىل پۆپۈك تۇتۇلغان. تەختىراۋاننىڭ كەينىدىن ئات مىنگەن بەگلەر، ئاندىن ئاخۇنلار، ياپىلار، چېرىكلەر ئاتلىق، ھارۋىلىق سوۋغاتلار ماڭىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى ئاھالىلار يول بويلاپ سەپكە تۇرۇپ، ۋاڭنىڭ يېتىپ كېلە- شى بىلەن تىزلىنىپ ۋاڭغا تازىم قىلىدۇ. بازارغا يېتىپ چىققاندا، دۇكاندار- لار، بەگلەرنىڭ ھەممىسى بازار كوچىلىرىنى كاتتا بېزەپ، كوچىلارغا جوزا قويۇپ، تۈرلۈك تۈمەن يېمەكلىك، نازۇ - نېمەتلەر بىلەن قارشى ئالىدۇ. ئۇزاتقۇچىلار شىڭشىڭشا (ئارا يۇلتۇز) غىچە بېرىپ ۋاڭنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ۋاڭ بېيجىڭغا بارغىچە خانلىقنىڭ يارلىقى بويىچە مەنزىل - مەنزىللەردە، شەھەر - ئۆتەڭلەردە ئۆز قائىدە - يوسۇنى بويىچە كۈتىۋالىدۇ.

## 2 . تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ مەنسەپ دەرىجىلىرى

1. ۋاڭ - تۇرپاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى خانلىق بەلگىلىگەن يەرلىك پادىشاھ.

2. فۇجۇڭ - ۋاڭنىڭ خانىشى، خانلىقتىن بېرىلگەن ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپ.

3. بەيزى. گۇاڭ - ۋاڭنىڭ ئىنىلىرى، ئوغۇللىرى، ۋاڭنىڭ ئورنىنى باسارلىققا تەيىنلەنگەنلەر.

بىرىنچى دەرىجىلىك ئەمەللەر.

# Ⅱ . باب ۋاڭلار دەۋرىدىكى خەلق سەنئىتى

تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ئويىنىلىپ كېلىۋاتقان، كەڭ تارقىلىپ خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر گەۋدىسىگە ئايلانغان «مەشرەپ» پائالىيە-تىدە ئەكس ئېتىدۇ.

مەشرەپ ـ ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق سەنئەت ئويۇنلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىرلەشتۈرۈلگەن، ئاممىۋى خاراك-تېرى كۈچلۈك بولغان بىر خىل سەنئەت پائالىيىتى. مەشرەپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نىسبەتەن كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسالدى چاغلىرىدا، ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈنلەردە، مەۋسۇم ـ مۇراسىملاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپلەردە «مۇقام»لار ئېيتىلىدۇ.

تۇرپاندا پىشقەدەملەر «مۇقام» سۆزىنى «مەقەم» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، «مەقەم» سۆزىنىڭ تۇرپان تىلىدىكى ئىستىمال مەنىسى ـ قېلىپ، ئۆلچەم دېگەنلىك بولۇپ، ناخشىنىڭ بېشى قايسى مەقەم (ئۆلچەم) دە باشلان-سا، ئاخىرىمۇ شۇ قېلىپ، شۇ ئۆلچەم دائىرىسىدىكى ناخشا ـ كۈيلەردىن ھالقىپ كەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا «سەئىدىيە خانلىقى» نىڭ تەخت سەلتەنىتىدە ھۆكۈم سۈرگەن ئابدۇللاخان، ئابدۇرېشىتخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، (ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇرېھىمخان، ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇرېشىتخان) ئۇ تۇرپاندا (توغرىسى لۈك-چۈندە) تۇغۇلغان ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولۋاسخان، ئابدۇللاخاننىڭ 5 ـ ئىنىسى ئىسمائىلخان. . . قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى لۈك-چۈندە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. («چىڭگىزنامە» گە قارالسۇن) بۇ زامانلاردا جەنۇب

روشقا مەسئۇل.

21. دورغا - يېزا باشلىقى.

22. پەششاپ - كېچىلىك ساقچىلارغا مەسئۇل كىشى.

23. مىراپ - ئېرىق - ئۆستەڭ، سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.

24. تۇغ بېگى - بايراقچىلار باشلىقى.

تۇرپاندا كېيىنكى چاغلاردا ئېيتىلىپ كەلگەن مۇقامناملىرى تۆۋەندىكە-چە: 1. راك؛ 2. ئۇشاق؛ 3. ناۋا؛ 4. پەنجىگاھ؛ 5. مۇشاۋۇرەك؛ 6. بايات؛ 7. چەببيات؛ 8. سىگاھ؛ 9. سابا؛ 10. گۈلىيار؛ 11. چاھارگاھ؛ 12. دولان، ئۇندىن باشقا ئۆزھال، ئىراق دېگەنگە ئوخشاش مۇقاملارمۇ ئېيتىلغان. مۇقام ئېيتقۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇقامنى ساتار بىلەن ئورۇن-دىغان. مەشرەپ قىسمىنى داپەندىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن بىرلىكتە ئورۇن-داپ كەلگەن. يۇقىرىقى مۇقاملار جەمئىي 400 دىن ئارتۇق ئاھاڭ ۋە ناخشى-دىن تەركىب تاپقان.

مۇقام ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئاشۇ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەۋلاتمۇ - ئەۋلات ساقلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلانغانلىقىدا. يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا تۇرپان مەشرەپ مۇقاملىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ كەلگەن كىشىلەر ئەلياز شەيخ، جانار ساتارچى، خۇزىمخان مارجان بىلەك، ھاسان بالا، نەمەت بالا، ئىبراھىم پەيتۇ، روزى جەردە، ئىسمايىل تۇرك، پەيزۇل قۇشقاچ. . . . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بورۇن بۇ يەردە ئوينالغان خەلق مەشرەپلىرى ئاساسەن قەيت مەشرىپى، مىلىس مەشرىپى، مايسا مەشرىپى، سارا (نورۇز) مەشرىپى، سۇلتان مامۇت ۋاڭ (1883 - يىلدىن 1900 - يىلغىچە) دەۋرىدە ئوينالغان 40 كۇنلۇك مەشرەپ، (3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان) 90 كۇنلۇك مەشرەپ (9 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگىچە بولغان) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بىلەن شىمالىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى توختاپ قالمىغان ئىدى. 1752 - يىلى تۇرپان ئاستانە يېڭى توردا ئۇلتۇرۇشلۇق، ئەسلى زاتى خوجا سەئىدلەردىن بولغان ئىمىن خوجا (ئۇنىڭ ئاتىسى نىياز خوجا، ئۇنىڭ ئاتىسى سوفى خوجا، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرقاسىم، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرمەختۇم دانى، ئۇنىڭ ئاتىسى مىرۋەلى، ئۇنىڭ ئاتىسى قۇتلۇق قاراخان («هازىرقى ئاتىلىشى قاراخوجا») چىڭ سۇلالىسىنىڭ ياردىمى بىلەن تۇرپان، پىچان توقسۇن، چاقىلىق قاتارلىق جايلارنىڭ جاساق بېگى بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن: ئىسكەندەر، يۇنۇس نەۋرىسى مۇهەممەت سەئىد، ئەۋرىلىرىدىن زوهوردۇن، ئەفىردىن قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر (1772 - يىلدىن 1865 - يىلغىچە) قەشقەر ۋە يەركەندە هۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدۇ. يەنە شۇ ئىمىن خوجىنىڭ ئوغۇللىرىدىن مۇسا بىلەن ئەۋرەڭگزىپ (غولجىدا ئۆزلەشكەن ئىسمى ئورانزىپ) نىڭ بالا، نەۋرە، چەۋرە، كۆك نەۋرە قاتارلىقلاردىن مېلىكزاد، خوشنىزاد، مەرەمزاد، ئىلياسخان، تۇرنىسا، هېكىم ئاغىچا. . . (1769 - يىلدىن 1900 - يىلغىچە) ئېلى رايونىدا هۆكۈمرانلىق تەختىدە بولغان ئىدى. هۆكۈمرانلار تۇرپاندىن (لۈكچۈندىن) بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئەلنەغمە، مۇزىكا - مۇقاملىرىنى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار يۇرتىغا تارقىتىشقا باشلىغان. شۇڭا «تۇرپان ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن سۆز قىلچە ئاساسسىز ئەمەس.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا «مىلىس» ناخشىلىرى كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇ ئون ئىككى تۇرلۈك بولۇپ، هەر بىر تۇر بىر نەچچە خىل ئۆزگىرىش ئاهاڭلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ناخشا - كۇر ئاهاڭلىرى تۆۋەندىكىدەك: 1. ۋاي - ۋاي سەنەم؛ 2. مەستان يار؛ 3. شەرۋانەم؛ 4. يومىلاق جوگان؛ 5. ئەي بالا يارەي؛ 6. ئاللا بىر قەدەم؛ 7. سەجمە يار؛ 8. هەي نەزەر؛ 9. هەي يۆلەك (ئۆلەن)؛ 10. گۈليار 11. زىۋا يار (زىلۋا)؛ 12. تەقدىر تىلەك قاتارلىق يۇرۇشلۇك ناخشىلاردىن تەركىب تاپقان،

غان. ئايالlar ئەرلەرنى پوتىغا تەكلىپ قىلىش ئۆيۈننى ئوينىغان ئىكەن. بىراق، بۇ غايىپ بولغۇچىلارنىڭ شۇ يوقالغانچە ئىز - دېرىكى بولمىغان. بۇنىڭدىن زېرىككەن پادىشاھ نەۋكەرلىرى قايتىپ كېتىمدۇ. شۇندىن كېيىن توي تۆكۆن ئىشلىرىدا تاماشا قىلايلى دېسەڭ، ۋاڭ - غوجىلار زېرىكمىپ كۆزگە ئىلمىغان «مىلىس» ناخشىسىنى ئېيت، دەپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان.

ئەينى تارىخىي يىللاردا ناغرا - سۇناي قاتارلىق نەغمە ناۋا سازلىرىنى ۋاڭ غوجىلار، يۇرت ئەمەلدارلىرى كونترول قىلىۋالغاچقا، پۇقرالارنىڭ بۇلاردىن پايدىلىنىشىغا يول يوق ئىدى.

## 1 - مىلىسنىڭ يولغا قويۇلۇشى

مىلىس يېڭى ئېيتىلىشقا باشلىغان ۋاقىتلاردا، خۇشاللىق ۋە ھېيت كۈنلىرىدە تاماشا ھەۋەسكارلىرى مەلۇم بىر ئورۇنغا يىغىلىپ، ئويناپ كەلگەن بىر شادلىق ئۆيۈنى ئىدى. كېيىنچە قىز - يىگىتلەر توي قىلغاندا ئوينايدىغان مەشرەپكە ئايلانغان. شۇندىن باشلاپ قەدەممۇ - قەدەم تۇرپان، پىچاننىڭ ھەممە يېزىلىرىغا كېڭىيىپ، ھەتتاكى قۇمۇل خەلقىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇ ۋاقىتلاردا ھەر قانداق بىر توي - مەرىكە بولىدىكەن، قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگەن ئاخشىمىدىن باشلاپ، مەھەللە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ياش ئەر - ئايال، قىز - چوكانلار يىگىت ئۆيىگە كېلىپ توي ئوينايدۇ. مىلىس مەشرىپى ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مىلىس مەشرىپىگە قاتناشقان ھەر بىر كىشى ئۆز ھەمراھى (ئايالى) بىلەن قاتنىشىش شەرت قىلىنىدۇ. مىلىس مەيداندا يىگىت، قولداشلىرىدىن مەخسۇس كۈتكۈچىلەر تەييارلىنىپ، قوشنا مەھەللە- دىن كەلگەن تاماشىبىنلارنى مەخسۇس ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنى قەنت - گېزەك، مېۋە - چېۋە، ئۇسلۇق بىلەن ئالاھىدە كۈتىدۇ، ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ.

مىلىستا ماھىر مىلىس ناخشىچىلىرى ئالاھىدە تەييارلانغان سۇپا ياكى ئورۇندۇق ئۈستىگە چىقىپ، 5 تىن 8 گىچە كىشى داپ بىلەن مىلىس

# مىلىس 1 - §

مىلىس - تۇرپان خەلقىنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيان توي مۇراسىملىرىدا ئېيتىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھەر كىم (دېھقان ۋە قول ھونەرۋەنلەر) ئۆز ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا ئېلىپ بارىدىغان تاماشا تۈرى. ئۇ خەلقىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلىك مەنىۋى ھاياتىغا روھىي ئوزۇق بولۇپ كەلگەن.

«مىلىس» مەشرىپىنىڭ كېلىپ چىقىشى. مىلىسنىڭ كېلىپ چىقىشى بايانىدا مۇنداق رىۋايەت بار: دەقيانۇس زامانىسىدا ئىدىقۇت شەھىرىدە ئۆزىنى «خۇدا» دەپ خەلققە جاكارلىغان «دەقيانۇس» كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۇ-رۇش مەقسىتىدە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن مۇشۇكنىڭ بېشىدا چىراغ ياندۇرۇپ قويۇپ ئۇيۇن ئوينايدىكەن، كىشىلەر: «راست بۇ خۇدا ئىكەن. بولمىسا مۇشۇكنىڭ بېشىغا چىراغ ئېلىپ قويسا جىم تۇرامدۇ؟» دېگەن سۆز - چۆچەكلەرنى پەيدا قىلغان. بۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بەش - ئالتە قويچى تاماشا مەيدانىغا كېلىپ قارىسا، ئەھۋال راست شۇنداق ئىكەن. بۇلار چىچەن كېلىپ قېلىپ، سىرتتىن بىر نەچچە چاشقاننى تۇتۇپ كېلىپ، چىراغ كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇشۇكلەرنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويۇپ بەرگەندە، مۇ-شۇكلەر چاشقانغا ئېتىلىپ، چىراغلارنى باشلىرىدىن چۈشۈرىۋەتكەن. بۇ ئىش-تىن خەۋەر تاپقان دەقيانۇس جاللاتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى قوغلىغان. زېرەك قويچىلار شەرققە قاراپ مېڭىپ، تۇيۇق ئاغزىغا بېرىپ، بىر غارغا كىرىپ غايىپ بولغان. جاللاتلار خېلى كۆنلەرگىچە غارنى ساقلاپ تۇرسىمۇ، ھېچ بىر ئۇچۇرى بولمىغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئادەملىرىدىن بىر نەچچىسى: بۇلارنى تاماشىغا قىزىقتۇرساق، زېرىككىنىدە يېنىپ چىقىدۇ - دەپ، 9 - 10 كىشىنىڭ قولىغا داپ تۇتقۇزۇپ، «شاربازاڭ» دېگەن ناخشىنى ئېيتقۇز-

مەزمۇنلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى «مىلىس» مەشرىپىنى «گاداي»لارنىڭ ئويۇنى دەپ ھاقارەتلەيدۇ. ئەمما ئويۇن باشلانغاندىن كېيىن، يۇقىرى تەبىقە بالىلىرىمۇ تاماشىغا ئىختىيارسىز كېلىدۇ. يوقسۇل، قېرى چۆرىلەرمۇ مىلىسنى كۆرىدۇ.

«مىلىس»تا ئېيتىلىدىغان ناخشىلارنىڭ ھەر بىر تۈرى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى 40 تىن ئارتۇق قوشاقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۇرپان خەلقىنىڭ مىلىس ئويۇنى تارىختىن بۇيان دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق جەھەتلەردە چوڭ روللانى ئوينىغان. مەيلى قايسى مەھەللە، قايسى يۇرتنىڭ كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مىلىس ئەھلى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يېزىنىڭ قايسى بىر مەھەللىسىدە قىز - يىگىت تويى بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىن خىجالەتچىلىك تارتىپ قالغان بولسا، ئاڭلىغۇچىلار قېرى - ياش، چوڭ - كىچىك دېمەي ئۆز مادارى بويىچە ياردەم توپلاپ، توي ئوينىغاچ ھال سورايدۇ. توي ئىگىسىنى غەمدىن خالاس قىلىپ، بىرلىكتە ھوزۇر قىلىشىدۇ. ئەگەر بىرەر مەھەللىدە قىز - يىگىتنىڭ تويى بولۇپ، نەغمە - ناۋا قىلىپ بېرىدىغان كىشىسى بولمىسا، شۇ مەھەللىگە نەغمىكەشلىرى بار مەھەللە كىشىلىرى ئېھتىياجلىق كىشىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ. مانا بۇ ناخشىلار ئېيتىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا، توي ئىگىسى تەرىپىدىن ئىشىپ تەييارلانغان پوتىنى (50 سانتىمېتىر ئۇزۇن-لۇقتىكى، قولنىڭ باش بارمىقىدەك يوغانلىقتا) تۇتۇپ ئۇيۇن مەيدانىغا چۈ-شۈپ، كۆڭلى تارتقان، ئىشەنگەن ئادىمىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تازىم بىلەن تەكلىپ قىلىدۇ. قوبۇل قىلغۇچى ئۇڭ تەرەپتىن ئوڭ قولنى بېسىپ، ئوڭ ئايلىنىپ تازىم بىلەن تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، پوتا بېرىل-مەيدۇ.

«مىلىس» ئۇيۇنىنىڭ تەرەققىياتى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۇكچۇن يېزىسى-دا يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلدى. بۇنىڭدىكى يېڭىلىق ۋە تەرەققىيات شۇ بولدىكى، پوتا سالغۇچى پوتا ئالغۇچىغا بىر كوپلىت قوشاق ئېيتىدۇ. پوتىنى قوبۇل قىلىپ ئالغۇچىمۇ قوشاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئاندىن بىرىنچى خىلدىكى ئۇسۇل بويىچە پوتىنى ئالىدۇ. مەسىلەن، پوتا سالغۇچى:

پوتا سالدىم ئۈزلىرىگە،
نىيەتلىرى تۈپتۈز بولسا.
پوتىنى ئالدىم
ئىگىلىپ قوش تازىم بىلەن،
ياندۇراي ئاندىن

ئەگەر قوشاق ئېيتىپ بېرەلمىسە، ھېكمەتلىك سۆزدىن بىرنى ياكى ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن شەرمە ھايالىق بىلەن ھۆزۈرخالىق سورايدۇ.

## 2 ـ مىلىسنىڭ ئېيتىلىشى

مىلىستە ناخشىچىلار تەرتىپ بىلەن ئالمىشىدۇ. دەسلەپ توي بولغان مەھەللىدىكىلەر ناخشا ئېيتىدۇ. ئاندىن باشقا مەھەللىدىن كەلگەنلەر تەكلىپ قىلىنىدۇ. تەكلىپ قىلغاندا ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، رەت قىلىشقا بولمايدۇ.

«مىلىس» ئۇيۇنىنىڭ قوشاقلىرىدا سىنىپىيلىق ۋە سىنىپىي كۈرەش

## 1 - «قىيىت» مەشرىپىنىڭ رولى

«قىيىت» مەشرىپى ياشلارنى يېتىلىقتا ئىنتىلىدىغان، ھاياتقا ئۈمىدۋار-لىق بىلەن قارايدىغان، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ئادەمگە ئىگە قىلىدۇ. ئەدەب - ئەخلاقلىق، قائىدە - يوسۇنلۇق، ئىناق، ئادىل، راستچىل، ئىشـ-چان، جاسارەتلىك بولۇشقا ئۈگىتىدۇ. «قىيىت» مەشرىپىنىڭ بىر قانچە يۈز يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈكسەك ئىستېتىك مەنىۋى بايلىقى ۋە ئىستېتىك مەنبەئىنى ساقلاپ، خەلق ئاممىسىنى ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتلىك كىشىلەردىن قىلىپ چىقىش رولىنى ئۆتىدى.

تۇرپان «قىيىت» مەشرىپى، ئەخمەتنىياز ئاخۇنلۇق (قىسسۇرى)، نايـ-خاندەك شائىرلارنى، نام چىقارغان قىزىقچى موللا زەيدىننى، داڭلىق نەغمە-كەشلەر، داستانچىلار ھاسان بالا، ئابدۇل بالاڭزا، نەمەت، ئەمەت، يۈسۈپ پەنباش، قاسىم چىۋىش قاتارلىق نۇرغۇن خەلق سەنئەتكارلىرىنى يېتىشتۈ-رۈش رولىنى ئوينىدى.

«قىيىت» مەشرىپى 1900 - يىللىرى خېلى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن تەرەققىي قىلغان. بۇ دەۋرنى «قىيىت» مەشرىپىنىڭ ئالتۇن دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. 1900 - يىلى تۇرپاننىڭ ۋاڭلىق تۈزۈمى تېخى يىمىرىلمىگەن ۋاقىت ئىدى. خەلق ئاممىسى زۇلۇمغا قارشى، ناھەقچىلىككە قارشى ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى «مەشرەپ» ۋە «قىيىت» مەشرەپ شەكىللىرى بىلەن ئىزھار قىلاتتى. 1900 - يىلى لۈكچۈن ۋاڭلىرىنىڭ مەخسۇس ناغرا - سۇناي، ئەلنەغمە گۇرۇپپىسى بولۇپ، ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈنلەردە نەچچە كۈنلەپ توي ۋە نەغمە ناۋا قىلاتتى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇ نەرسىلەر-دىن پايدىلىنىشقا قۇربى يەتمەيتتى. پەقەت مەشرەپ شەكلى بىلەنلا ئۆزلىرى-نىڭ مەرىكىلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. «قىيىت» مەشرىپى بىزگىچە بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخنى ئۆتكۈزۈپ، ھازىرغىچىلىك ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## 2 - § «قىيىت» مەشرىپى

«قىيىت» مەشرىپى تۇرپان خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بار ۋە يەرلىك تۈس ئالغان بىر خىل مىللىي سەنئەت شەكلى بولۇپ، تۇرپان خەلقىنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مەنىۋى ئوزۇق بىلەن تەمىنلەپ، ياشلارنى ۋە كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە مەلۇم تېزگىنلەش رولىنى ئوينىغان ياخشى ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى.

«قىيىت» مەشرىپى تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە. ھازىر بۇ ئويۇن تۈرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر يوق دېيەرلىك. شۇڭا يوقاپ كېتىش ئالدىدا تۇرماقتا.

پىشقەدەملەر «قىيىت» مەشرىپىدىكى «قىيىت» ئاتالغۇسى ھەققىدە مۇنداق تەرىپلەرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى «قىيىت» «قەيت قىلىش» دېگەن بولۇپ، مەشرەپ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلمىغانلارنى جازالاپ، مەلۇم مۇددەت شۇ ئولتۇرۇشتىن مەھرۇم قىلىش. جازالانغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كېلەر نۆۋەتتىكى ئولتۇرۇش سورۇنىنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت. يەنە بىرى «قىيىت» مەشرەپكە پادىشاھ، ۋەزىر، قازى. . . بولغانلارنى مۇرەككەپ سوئاللار بىلەن قايدۇرۇش (قايمۇقتۇرۇش) دۇر. «قىيىت» مەشرىپىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مەلۇم ئاساسى بار.

پىشقەدەم ئۆمەر چولپانلىرى «قىيىت» مەشرىپى ھەققىدە توختىلىپ، قىيىت مەشرىپى ئاساسەن ياشلارنىڭ پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ئەدەب - ئەخلاق، قائىدە - يوسۇن تەربىيىسىنى بېرىدىغان چوڭ مەكتەپ. قىيىت مەشرىپى ئارقىلىق سورۇن ئەھلى ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ، ھەق - ناھەقنى پەرقلەندۈرۈش جەھەتتە تونجى بىلىمنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار يەنە «ئوغلۇڭ تەلىمىنى مەشرەپتىن، بىلىمنى مەكتەپتىن ئالسۇن» دەيدۇ.

تۇرمۇشنى مەيلى باشقۇرغۇچىلار بولسۇن، مەيلى باشقۇرۇلغۇچىلار بولسۇن بىردەك رىئايە قىلىشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق مەشرەپتە سايلانغان مەشرەپ «ھاكىمىيىتىنىڭ» دۆلەت ھاكىمىيىتىدىكى مەنسەپتىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىش. بۇ پەقەت تەقلىت خاراكتېرىدە بولۇپ، مەشرەپتە ياخشى ئىش، ياخشى كىشىلەرنىڭ نەمۇنىلىك ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلىدۇ. ناچار ئىش، ناچار خاھىشلار تەنبىھ قىلىنىدۇ.

### 3 - «قىيىت» مەشرىپىنىڭ تەشكىل قىلىنىش شەرتلىرى

«قىيىت» مەشرىپى باش - ئايىقى يوق، نۇقۇل ئوينىلىدىغان ئويۇن تۈرى ئەمەس. ئۇ جانلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە مۇۋاپىقلاشقان، تەلىم - تەربىيە ۋە تەرغىبات مەزمۇنىغا ئىگە ئويۇن تۈرى. «قىيىت» مەشرىپى «مەشرەپ پائالىيىتى» ۋە «30 ئوغۇل» پائالىيىتى دەپ ئىككى خىل شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا «30 ئوغۇل» پائالىيىتىنىڭ دائىرىسى ۋە تۈزۈمى مۇكەممەل، كەڭرەك. بۇ خىلمۇ - خىل شەكىلدە بولىدۇ. «30 ئوغۇل» تەركىبىگە يىگىت تاللاشتا تۆۋەندىكى شەرتلەر ئۆلچەم قىلىنىدۇ. 1) ئاتا - ئانىسىنى خوش قىلىپ، يۇۋاشلىق بىلەن خىزمەت قىلدىمۇ - يوق؟ 2) قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلدىمۇ - يوق؟ 3) ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىدا بولىدىغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قىزغىن قاتنىشىپ، جامائەتنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىمۇ - يوق؟ 4) جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىگە ۋە جامائەتنىڭ قائىدە - يوسۇنىغا رىئايە قىلدىمۇ - يوق؟ 5) «30 ئوغۇل» پائالىيىتىگە قاتنىشىشتا ئاتا - ئانا ۋە ئائىلىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالدىمۇ - يوق؟ 6) كىشىلەرنىڭ ھەققىدىن قورقامدۇ - يوق؟ 7) ئىستىلدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنمۇ - يوق؟ 8) يۈرگەن دوستلىرى ياخشى ئادەملەرمۇ؟ 9) يۇرت ئەھلىگە ناباب كېلىدىغان ھاراق - شاراب ئىچىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن خالىمۇ - يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەر قويۇلۇپ تاللىنىدۇ ۋە قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭ

## 2 ـ «قىيىت» مەشرەپنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

«قىيىت» مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، جەمئىيەت ۋەھاياتنىڭ ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان خەلق ئىچىدە «ياخشى» دەپ تونۇلغانلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

«قىيىت» مەشرەپنىڭ ماددىلارغا بۆلۈنگەن نىزامى بولمايدۇ. يەرلىك خەلقنىڭ ۋە مەھەللىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە يەكۈنلەنگەن مىللىي ئەخلاقى، پەزىلىتىنى دەستۇر قىلىپ، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ داۋاملىشىشى ھېسابىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

«قىيىت» مەشرەپنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى خەلقچىلىق يول بىلەن ئۆزلىرى ئىچىدىن سايلاپ چىقىلغان پادشاھ (يىگىت بېشى)، قازى، پاششاپ بېگى، كۆل بېگى، دارا بېگى قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپىدۇ.

پادىشاھ: بۇ مەشرەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى ياشلارنىڭ ئىشلىرىغا يول كۆرسەتكۈچى بولۇشتىن تاشقىرى جامائەت ئىچىدىكى تۈرلۈك قائىدە ـ يوسۇن، مەھەللىۋى ئىشلارنى تولۇق بىلىدىغان ۋە يول كۆرسىتەلەيدىغان ياشتىن بولۇشى كېرەك.

قازى: مەشرەپ ئىچىدىكى دەۋا ئىشلىرىغا ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

كۆل بېگى: مەشرەپ ئىچىدە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتىنى بېجىرىدۇ.

پاششاپ بېگى: مەشرەپ ئىچىدىكى تەرتىپ قائىدىلەرنى ئىجرا قىلىدۇ.

دارا بېگى: مەشرەپ ئىچىدىكى ناخشا ـ مۇزىكا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. دارا بېگىنىڭ يېشى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشقا مەسئۇل كىشى ناخشا ۋە ساز چېلىشنىڭ ئەھلى بولۇشى «30 ئوغۇل» ئېتىراپ قىلغان ئادەم بولۇشى لازىم.

مەشرەپنىڭ تەشكىل ـ ئىنتىزام رەسمىيىتى جەھەتتە ئۇنىڭ قائىدە ـ

مەشرەپ ئەھلىنىڭ تونۇشتۇرۇپ كاپالەتلىك قىلىشى بىلەن مەشرەپ سورۇنىغا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى يارىتىلىدۇ. ئادەم سانىنىڭ چەكلىمىسى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە يىگىت-ئاق ساقاللار بىلەن بىرگە ئايالبىر - ئىككى كىشى قاتنىشىدۇ. مەشرەپتە قىلىنغان ئىشلار قائىدە بويىچە بولۇشى كېرەك، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى تۇتالايدىغان، سەمىمىي بولۇپ، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بەزىلەر «قىيىت» مەشرىپى تەرتىپىگە كىرىشىپ، ئەخلاقسىزلىق قىلىپ، جامائەت زىتىغا تېگىپ، كىشىلەر بىلەن ماجرا پەيدا قىلسا، بۇ سورۇندىن ھۆكۈم بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، خاتالىقىنى تونۇمىغىچە مەشرەپكە قاتناشتۇرۇلمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ مەشرەپكە قاتنىششتىكى شەرتى شۇكى: ئۇنىڭ خاتالىقىنى تونۇشى ياخشى بولۇشى، تۈزۈلۈش ئىپادىسىنى بىلدۈرۈش ۋە قاتتىق تۆۋە قىلغان بولۇشى لازىم، بۇلا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە شۇ كىشىنىڭ ئاتىسى ياكى مۇرەببە بولغۇچىسى قىيىت مەشرەپ سورۇنىغا مېڭىپ - چىڭقىرىپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، «پاشاپ بېگى» گە ئادىمەتچىلىكنى كۆرسىتىشى، «پادىشاھ» نىڭ تەستىقى، «قازى» نىڭ ھۆكۈم قىلىشىدىن ئۆتكۈزۈپ، «سالام بەگلىرىم، 9 ئوغۇل، 30 يىگىت، پالانى خاتالىقىنى تونۇپ، گۇۋاھچىسى بىلەن تۆۋە قىلىپ ياخشى ئادەم بولۇشنى ۋەدىلەپ كېلىپتۇ. نىياز مەنگىلىمۇ بىرگە كەلتۈرۈلىپتۇ» دەپ جاكارلىنىدۇ. مەشرەپ ئەھلى باشقۇرغۇچىلارنىڭ پەيلى (خۇي) بويىچە «قازى تۆۋىسى راست بولسا، تاجىسى كەيدۈرۈلسۇن!» دەپ پەرمان قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن شۇ كىشى سورۇنغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ.

### 5 - «قىيىت» مەشرىپىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى

قىيىت مەشرىپى پىچان ناھىيىسىنىڭ تۇيۇق، ياغخې، لۇكچۇن، دالانكارىز يېزىلىرىدا، تۇرپان شەھىرىنىڭ قاراغوجا، ئاستانە، سىڭگىم، چاتقال رايونلىرىدا قويۇق، ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. پىچان، لەمجىن، چىقتىم قاتارلىق جايلاردا ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان.

بۇ جايلاردا قىيىت مەشرىپى 2 خىل ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان. ئۇنىڭ بىرى توي مەرىكە ئۆتكۈزگۈچى شەخس تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تەكلىپ قىلىنغان ئادەملەرگە تونجى قېتىملىق زىياپەت مېۋە - چىۋىلەرگە تەكلىپ

بىلەن بىللە قىزىقچى، ناخشىچى، ئۇستا ھېكايىچى، ماھىر ساز ئۇستىسى بولۇش نۇقتا قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «30 ئوغۇل» پائالىيىتى تەركىبىدىكىلەر قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇش، ماھارەتلىك بولۇش تەلىپىنى ئېلىپ بارىدۇ.

«قىيىت» مەشرەپنىڭ مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى مۇقىملىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەشرەپ باشقۇرغۇچى «پادشاھ»، «قازى»، «پاشىشاپ بېگى»، «كۆل بېگى»، «دارابېگى» لەرنى سايلاپ چىقىدۇ. مەشرەپ باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپىسىمۇ مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. «ئەمەلدار» لارنى سايلاپ بېكىتىشتە ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا ھۆرمەت قىلىنىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەھلىلى كۈچلۈك دەۋا قائىدىسىنى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن تېپىشماق خاراكتېرىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيدىغان يىگىتلەر ئىچىدە چىچەن دەپ تونۇلغان، يۇرت مەھەللىلەردە ساھىبخانلىق ئىشلىرىغا قاتناشقان، ناخشا ئېيتىپ بىرەر سازنى چالالايدىغان، كۈلكىلىك پاراڭ قىلىپ، باشقىلارنى زوقلاندۇرالايدىغان كىشىلەرنى «30 ئوغۇل» مۇزاكىرىلىشىپ مۇقىملاشتۇرىدۇ.

«قىيىت» مەشرىپى كۆپرەك قىش پەسلىدە ئىشنىڭ بوش، تۇننىڭ ئۇزاق ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 4 ـ «قىيىت» مەشرىپىنىڭ مۇكەممەللىكى

«قىيىت» مەشرىپى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەر بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيۇن مەزمۇنى مول پائالىيەتلەر بىلەن بېيىتىلىپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. ياش چەكلىمىسى جەھەتتە ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئاساس قىلىنىپ، مەلۇم ساندا ئىلتىماس قىلىنغان ياشانغانلارنىمۇ ئانچە چەتكە قاقمايدۇ.

«قىيىت» مەشرەپلىرىدە ئاياللارنى ئاساسەن «30 ئوغۇل» تەرتىپىگە كىرگۈزمەيدۇ.

بىر مەھەللىنىڭ كىشىلىرى قىيىت مەشرىپىنىڭ ئاساسىي قاتناشقۇچىلىرى بولىدۇ. باشقا يۇرت، باشقا مەھەللىلەردىن كەلگەنلەرگىمۇ يەرلىك

2 . كىشى:

دەردىمگە دەۋا تونقان چېيىڭىز،
قوبۇل قىلدىم مەن بولسا مەيلىڭىز.
ئەسلىدىن بارىدى چىن دوستلۇقىمىز،
رىشتە باغلىدى بۇ ئۇسۇلۇقىڭىز.

دېيىشىپ، قورۇقدالغان چىنىنى چاي تونقۇچى تەرەپكە ئېھتىرام بىلەن قايتۇرىدۇ. بۇ جەرياندا مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى بىر ـ بىرىدىن قىزىق، كۈلكىلىك، نەزمە ـ بېيىت، يۇمۇرلۇق سۆز، گەپ چېقىشىشلارنى تەرتىپ بىلەن ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا داستىخانغا داخىل بولغۇچىلار بىر ـ بىرىگە نەزەر سېلىشىپ، كىم بۆكىنى (دوپپىسىنى) قىڭغىر كەيگەن، كىمـ ىنىڭ كىيىمىنىڭ ياقىسى ئوچۇق، كىم قائىدىلىك ئولتۇرمىغان، كىملەر يەنە ئالىلىقاندىق ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىدۇ. بۇ ئارقىلىق قوسۇر چىقىرىپ، جازالاش ئوبىيېكتىنى تاللايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كېلەر نۆۋەتلىك مەشرەپنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتكۈزۈلىدۇ. داسـ تىخان سېلىنغاندىن كېيىن، تاماكا چېكىش، كەيىپ پەيدا قىلىدىغان ئىچىمـ لىكلەرنى ئىچىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. ئەگەر بىخوتلۇق قىلىپ، تاماكا چېكىپ قويىدىغان بولسا، بۇنىڭ جازاسى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. 1 ـ باسقۇچلۇق ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى خالىغا بېرىش، تاماكا چېكىشۋېلىش، پۇت ـ قوللىرىنى ئارامداپ ئېلىش قاتارلىق ئىشلىرى ئۈچۈن دەم ئېلىش قىلىنىدۇ. دەم ئېلىش ۋاقتى توشقاندىن كېيىن، «پاششاپ» تەرىپىدىن سورۇن باشلانغانلىقى قايتا جاكارلىنىدۇ. ھەممە كىشى ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئورۇن ئالىدۇ. «يىگىت بېشى» نىڭ تەستىقى بىلەن «دارا بېگى» گە ئىشارەت بىلەن ساز چېلىش بويرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەشرەپ باشلىنىدۇ. بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سازچىلىرىمىز جىنايىت سەنەۋەرچى، ئەخمەت زىمىنچىلار بولۇپ، بۇلار ئۆز ناخشا ـ سازلىرى بىلەن سورۇن ئەھلىنىڭ

قىلغۇچىدىن چىقىرىلىپ، قالغان راسخوتنى مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئۆزى چىقىرىپ، مەرىكە ئىگىسىنى ئېغىر چىقىمدىن ساقلاپ قېلىش، يەنە بىرى قاتار مەشرەپ ئۇسۇلىدۇر. ئىككىنچى خىلدىكى ئۇسۇلدا نۆۋەت كەلگەن شەخسلەر مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشتىراكچىلارغا بىر نۆۋەت چاي زىياپىتى بېرىدۇ. قالغان مېۋە ـ چىۋە زىياپەت قىسمىنى نۆۋەندە ئېيتىلغاندەك جازاغا يولۇققانلار تولدۇرىدۇ. ھەرئىككى مەشرەپ ئولتۇرۇشىغا يەل ـ يېمىش بىلەن تەمىنلەيدىغان سودىگەرلەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدۇ.

## 6 ـ «قىيىت» مەرشىپىنىڭ قائىدە ـ يوسۇن تەرتىپلە- رى

«قىيىت» مەشرىپى پاششاپ بېگىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە باشلىنىدۇ. ئۇ داستىخان سېلىنىشتىن ئىلگىرى شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشقا قاتنىششقا تېگىش- لىك مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، «پادشاھ» قا مەلۇمات بېرىدۇ. يەنى ئۇ مەزكۇر ئولتۇرۇشقا كەلگەن، كېلەلمىگەنلەرنىڭ سەۋەبلىك يا سەۋەبسىز ئىكەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ. «پادشاھ» نىڭ رۇخسىتىدىن كېيىن، «كۆل بېگى» نىڭ داستىخان سېلىشىغا ئىجازەت قىلىنىدۇ. دەسلەپ قول چايقىلىدۇ. داستىخان سېلىنىپ چاي تارتىلىدۇ. زىياپەت باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چاي تەكشى قۇيۇلۇپ، بىر نۆۋەتتىن ئىچىلىدۇ. ئىككىنچى نۆۋەتتە بېيىت ـ نەزمە بىلەن خالىغان كىشى ئۆزى تاللىغان 2 ـ كىشىگە بېيىت ياكى نەزمە بىلەن چاي تۇتىدۇ ۋە ئاغزىغا ئۆز قولى بىلەن يېمەكلىك سېلىپ قويىدۇ.

1 ـ كىشى:

كۆڭلۈمنى تۇتتۇم چاي بىلەن،
ئوخشاتقاچ سىزنى تولۇن ئاي بىلەن.
راستىن ئالامسىز ئىختىيار سىزدە،
ئەزەلدىن دوستلۇق بار بولغاچ بىزدە.

بولامدۇ؟ - دەپ سوئال قويىدۇ.

ئاخۇن سۆزىنىڭ تېگىگە چۈشەنگەن بولسا، دەرھال «دۇرۇس» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈنكى بۇ سوئالنىڭ ئاساسى مۇنداق: بۇ كىشىنىڭ ئۆتۈكىنىڭ كەلگۈرى (پاشنىسى) چە قىرچىنتالدىن ياسالغان يىغاچ مىق قېقىلغان بولىدۇ.

ئىككىنچى بىرسى قوپۇپ:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قازى ئاخۇنۇم، بىزنىڭ قوشنىمىزنىڭ ئوغلى غەرب تەرەپكە تۆگە بىلەن سودىغا كەتكەن. يېقىندا ئاتىسىغا خەت كەپتۇ. خېتىدە: «تۆگە ئۆلدى جۇدەڭلىكتىن، يېغى ئۇنىڭ تولىلىقىدىن، ئۆزۈن چۆلنى بېسىپ ئۆتۈپ، تاڭ سەھەردە شامغا يېقىن» دەپتۇ. قوشنىمىز: «قازىمدىن سوراپ باقساڭ» دېگەن ئىدى - دەپ تۇگىتىشىگە، ئۈچىنچى بىرسى:

- قازى ئاخۇنۇم، بىزنىڭ سۇلتان ئاخۇن بىر يامان كالىنى مىنىپ، مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە ئادەم جىق يەرگە كەلگەندە ئۆلۈك توپىلاڭغا (توپىغا) يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. خىجالەتچىلىكتە قايتا مىنىۋېلىپ، ئەمدى سېنىڭ ئۇستۇڭدىن قايتا چۈشىدىغان بولسام، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. كالىدىن يەرگە چۈشسە خوتۇنىدىن جۇدا بولۇشتىن ئەنسىرىگەن ئاغىنىمىز، ئۈچ كېچە بولدى كالىنىڭ ئۇستىدىن چۈشەلمەي ئاۋارە. بۇنىڭغا قانداق چارە بار؟ - دەيدۇ.

قازى چىچەن بولسا، ئىككىنچى ئادەمنىڭ سوئالىغا:

- تۆگىگەن مۇكلىگەن ماي بولسا كېرەك، ئۇ ئېغىر، تۆگە قوتۇر. بۇ ئوغۇل تاڭ سەھەر ۋاقتىدا شام دېگەن شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، تۆگە ئاچلىقتىن ئۆلگەن -، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

3 - كىشىنىڭ سوئالىغا:

- ئەگەر كالىدىن چۈشىدىغان بولسام دەپ قەسەم ئىچكەن بولسا، كالىنى

ھوزۇرلىنىشىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

مەشرەپتىن كېيىن ئىككىنچى بىر تۈرلۈك ئويۇن باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، 30 ئوغۇل، 9 يىگىت، يىگىت بېشى، قازى، پاششاپ، كۆل بېگى، دارا بەگلىرى! ئارىمىزدىكى يۇقرايىمىز بۇ سورۇننىڭ تەرتىپىنى بۇزۇپ، چاپان ياقىسىنىڭ تۈگمىسىنى ئەتمەي، تەكەببۇرلۇق قىلدى. قانچە باي بولسىمۇ، مەشرەپ ئەھلىدىن ئۈستۈن ئەمەستۇ؟ - دەپ ئەرز قىلىدۇ. پاششاپ بۇ ئەرزنى يىگىت بېشىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىدۇ. يىگىت بېشى قازىغا بويرۇيدۇ. قازى:

- بۇ بىئەدەپنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، ئوردىدىن يالاپ چىقىرىلسۇن - دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىكى بۆك (دوپپا) ياكى تۇمىقى ئېلىنىپ، سورۇندىن ھەيدەپ چىقىرىلىدۇ. جازالانغۇچى ھەر خىل مېۋىلەردىن ئېلىپ، تەخسىلەرگە تولدۇرۇپ، پەتنۇسقا تىزىپ، پاششاپقا مەلۇم قىلىدۇ. پاششاپ يىگىت بېشى، قازىغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ رۇخستى بىلەن كۆپچىلىككە:

- ھۆرمەتلىك بەگلىرىم 30 ئوغۇل، ×× ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، تۆۋە قىلىپ، ھوزۇر بىلەن سوۋغا - سالام ئېلىپ كەپتۇ - دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىنىپ، سورۇندا ئولتۇرۇش ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. مۇشۇنداق ئەيىبلەر بىلەن ئەيىبلەنگەنلەر تەرىپىدىن داستىخانغا تۈرلۈك مېۋە، قەنت - گېزەكلەر بىلەن تولدۇرۇلىدۇ. بۇ مەشئەتلەرگە «كۆل بېگى» ئېغىز تىگىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. يېيىش - ئىچىش باشلىنىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا قازىنىڭ ئەقلىنى سىناش ئۈچۈن بىر يىگىت ئورنىدىن قوپۇپ:

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قازى ئاخۇنۇم، مېنىڭ بىر قوشنام بار، ئۇ دائىم قىرچىنتالىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. بۇنىڭ نامىزى دۇرۇس

لىقى ھەققىدىكى ئەھۋاللار دوراپ ئويناپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل ئىشلار مۇنا-جات، قوشاق، بېيىتلار بىلەن ئېيتىلىپ، ئىنتايىن قىزىق كۇلكە پەيدا قىلىدۇ. بۇنى مازاق قىلىدىغان بېيىتلار مانا مۇنداق:

ئېغىزدا ئىمان ھو، ھو، ھو، قويىنىدا قۇرئان ھوم، ھوم، ھوم،
نىيىتى بۇزۇق ھو، ھو، ھو، سالىدۇ زىيان ھوم، ھوم، ھوم.
بۇۋە ئىزدەيدۇ ھو، ھو، ھو، خالىدا ھامان ھوم، ھوم، ھوم،
سوپىلىق ئىشان مەلئۇن ھوم، شەيتان ھوم، ھوم، ھوم.
ھۇنىرى باشتۇر ھو، ھو، ئانار ئوغرىسى ھوم، ھوم، ھوم.
يوقتۇر ئۇنىڭدا ھو، ھو، سۆزىنىڭ توغرىسى
ئارانلا تۇرار ھو، ھو، ئەۋلىيا بولغۇسى
ۋىجدانسىز ھو، ھو، ئوغرى مەلئۇنى شەيتان.

ئوغرىلىقنى پاش قىلىش ئويۇنىدا مەشرەپتىكىلەردىن بىرى قوپۇپ تۇ-رۇپ يەنە بىرسى ئۇستىدىن: - بۇ قوشنىمىزنىڭ بىر توخۇسىنى كېچىسى ئوغرىلاپ كەتتى - دەپ، ئەرز قىلىدۇ. قازى بۇنى سوراپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئوغرىغا ئوغرىلىغان توخۇنى تۆلەپ بېرىسەن، ئوغرىلىقى ئۈچۈن 10 ساپلۇق سۇ ئىچكۈزۈلۈپ نەپسى بېسىلسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ھۆكۈمدىن سىرت خەلق ئۆتىدىغان يەردىكى كۆۋرۈكنى يا-ساپ، «30 ئوغۇل تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلسۇن» دەپ بويرۇپ، ئۇنىڭ ئىجرا بولۇش - بولماسلىقى تەكشۈرۈلىدۇ. «جازا» ئويۇنىدا جازالانغۇچىنىڭ چاپان، كۆينىكىنى سالدۇرۇپ، تامغا غولاچ يايدۇرۇپ كەينى (ئارقا) تەرىپىدىن سۇ پۈركۈپ، ئادەم شەكلىنى چۈشۈرۈش، پاختا ئېتىشنى دوراتقۇزۇش، بوۋاق-نى، قوي، كالا، توخولارنى دوراتقۇزۇش، مەنىلىك تېز سۆزلىتىش، بىر كوپلىت قوشاق ئاھاڭىنى 4 خىل ئاۋاز (ئاھاڭ) غا سېلىپ ئېيتقۇزۇش، كۆتەككە باستۇرۇش، ئىككى قوۋزىسىنى كۆپتۈرۈپ قويۇپ، سامسا يېقىش، ئۆۋىتىدىن تاشقىرى مەشرەپ بەرگۈزۈش، ھالى ياخشىراقلارغا مۆھلەت بەلگە-لەپ، كوچا تازىلاتقۇزۇش، ئاتا - ئانا، قەۋمى - قېرىنداشلىرى بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈش توغرىسىدا ۋەدە ئېلىش قاتارلىق جازالار بېرىلىدۇ.

بىر دەرەخنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ، بىر ئامال بىلەن دەرەخكە چىقتۇۋېلىپ، دەرەخ ئارقىلىق يەرگە چۈشسە يول بار -، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ئويۇندا قازى ئۈچ مۇرەككەپ دەۋانى ئادىل سورالسا، ئۈچ مۇرەككەپ سوئالغا جاۋاب بېرەلىسە، باشقا سورۇنلاردىمۇ «قازىلىق» ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر توغرا سوراپ، توغرا جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇ قازىنى يىقىتىپ، «30 ئوغول» ئىچىدىن يەنە بىرسى سايلىنىدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئەقىل، زېھنى روشەنلىشىپ، دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىدىكى ئادىللىق، پاكلىق ئۆگىنىلىدۇ.

## 7 - «قىيىت» مەشرەپىدە ئوينىلىدىغان باشقا ئويۇنلار ۋە جازا

«قىيىت» مەشرەپىدە ناخشا - ساز، سوئاللارغا جاۋاب بېرىش، تېپىشماق تېپىش ئويۇنلىرىدىن باشقا ھايۋانلارنى دوراش، قول ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئەينەن چۈشۈرۈش، سوپا - ئىشانلارنىڭ «سۇلۇك» قۇرۇش بانىسى بىلەن كېچىسى ياتماي بارغان يەرلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئەپلىك، كۆزگە يېقىن نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ، پاش بولۇپ قېلىشتەك قەبىھ ئىشلىرى، ئىستىلىدىكى چىرىكلىكلىرىنى («سۇلۇك» تەركىبىدە «بۇۋۇم» چۈمپەردىسىگە ئورۇنىۋالغان ئاياللارمۇ بولىدىكەن) دوراپ كومېدىيە شەكلىدە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بار، كۈلكىلىك سۆزلەر بىلەن ئويۇن ئوينىلىدۇ. مەسىلەن: سوپا - ئىشانلارنىڭ ئوغرىلىق ھەققىدە: ئىشانلارنىڭ بىر باشلىقى ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدىن بىر چىرايلىق چىنە تاۋاقنى چىراقنى ئۆچۈرۈپ، - قاراڭغۇدا ئۆتەيدىغان نەپلى نامىزىم بار - دەپ، ئۆي ئىگىلىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، چىنە تاۋاقنى پەرىجىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانلىقى، كېتەر ۋاقتىدا ئاتقا مىنگەندىن كېيىن، ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ، قولتۇقتىن تاۋاقنىڭ چۈشۈپ كېتىشى، بىر سوپىنىڭ يەنە بىر سوپىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ دورا ياستۇقىنى ئۇچۇن تەستە تاپقان ئاتىرىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلۇپ قالغان-

# III - باب: مەدەنىي - مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت

ئىمىن خوجا 1762 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارلىقى بىلەن «دۆلۆ جۇنۋاڭلىق» ئەمىلىگە مۇشەرەپ بولۇپ، بىرلىككە كەلگەندىن كېيىنكى تەسىس قىلىنغان تۇرپان بەگلىكىنىڭ ۋاڭى بولىدۇ ھەم لۈكچۈندىكى قەدىمىي ئوردىدا تۇرىدۇ. ئۇ قەدىمىي ئوردىغا يانداش قىلىپ ئۇنىڭ شىمالىغا مەدرىس سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا «لۈكچۈن بەگلىك مەدرىسى» دەپ ئىسىم قويىدۇ. مەدەرىسىنىڭ ئورنى 30 مو ئەتراپىدا بولۇپ، مەدرىسىنىڭ ئەگمە پەشتىقىنىڭ ئىككى يېنىدا 40 مېتر ئېگىزلىكتىكى بىر جۈپ مۇنار ياسىتىدۇ. ئىمىن خوجا تەرىپىدىن سالدۇرۇلغان بۇ مەدرىس، ئەسىرلەردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ خەيرىخالىق شاپائىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، زامان ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، 1957 - يىلىغىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا پۈتۈنلەي خارابە قىلىۋېتىلىدۇ. بۇ مەدرىسىدە ئاتاغلىق مۇدەررىسلەر تەرىپىدىن: ئەرەپ تىلى، پارس تىلى، ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىيات، شەرىيەت قانۇنى، پارائىز ئىلمى، ئىلمى نۇجۇم قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ ئۆتۈلگەن. ئەدەبىيات دەرسلىكىدە - ئابدۇراخمان جامى، ئەلشىر ناۋائى، خوجا ھاپىز، شەيخ سەئىدى، فوزۇلى قاتارلىق مۇتەپپەكۇر شائىرلارنىڭ «سوپى ئاللا يار»، «مەسىلەكىل مۇتتاقىن»، «نامى ھەق»، «بوستان»، «گولىستان»، قاتارلىق ئەسەرلىرى، شەرىيەت قانۇنىدىن نۇقتىلىق ھالدا «قۇرئان كەرىم» ئۆگىتىلگەن. بۇ مەدرىسىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپ، ئۆلىمالار كۆپ قىسمى بەگلىك دائىرىسىدىكى مەدرىسلەردە «مۇدەررىس» مەكتەپلەردە موللا، مەسچىتلەردە ئىمام، خاتىپ، ئوردىدا خەت-

يۇقىرىقى جازالار مەشرەپكە قاتناشقۇچىلارنىڭ «30 ئوغۇل» تەركىبىگە قوبۇل قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولغاچقا، ھەممىسى ئاڭلىق ئىجرا قىلىدۇ. ئومۇمەن مەشرەپ ئۆيۈنىدىكى ئويۇن ۋە «جازا» دا مەشرەپنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى بويىچە جەمئىيەتتە كىمكى ناتوغرا ئىشلار بىلەن شوغۇللىنىپ، خەلقنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىسا، مەشرەپكە يىغىلغاندا قازىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن جازاغا ئۇچرايدۇ.

ئەت ئەربابى ئاپتونوم رايونلۇق 1-، 2 - نۆۋەتلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، ئاتاقلىق شائىر نەمەت خەلپەتمۇ بۇ يەردە ئوقۇپ كېيىن يەنە بۇ مەدرىستە خەلپەت بولغان. قىزىقچى، ھەجۋى شائىر نايىخان بەگمۇ بۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. بۇ مەدرىسىنىڭ مۇددەرىسلىرىدىن بىرى بولغان خوجامنىياز ئاخۇنلۇقمۇ ئەلگە تونۇلغان تىۋىپ بولۇپ، كىشىلەر تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ئاتاپ سېلىنغان گۈمبەزنى ھۆرمەت بىلەن تاۋاپ قىلماقتا. بۇ مۇددەرىسنىڭ ۋاقىتلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ئايىشە فۇجۇڭنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى كىشىلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئايىشە فۇجۇڭ ئەفىرىدۇن ھاكىمبەگنىڭ ئايالى بولۇپ، ئەفىرىدۇن قەشقەردە ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ھەپسىگە ئېلىنىپ، ساۋدائى بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئايىشە فۇجۇڭ لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ بەگلىك تەۋەسىدىكى بارلىق مەدرىسلەردە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشنى يولغا قويغان، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئوقۇشنى بىلىپ يېزىشنى بىلمەيدىغان ھالەتكە خاتىمە بېرىلگەن، ھەم ئەلشىر ناۋائىينىڭ ئەسىرىنى دەرسلىك قىلىپ كىرگۈزۈپ ئوقۇتۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرغان، ئەسھابۇل كەھىبىنىڭ يېشىل گۈمبىزىنى، لۈكچۈن يۇقىرقى غوجامنىڭ لەمپەسىنى ۋە لۈكچۈن مەدرىسى ئىچىدىكى شاھىن شاھنى سالدۇرغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى 26 كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. بۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى سارە خېنىم (تاھىر بەگنىڭ ئاپىسى) ئۆز يېنىدىن چىقىم قىلىپ، لۈكچۈن مەدرىسىگە بىر مەسچىت سالدۇرۇپ بەرگەن.

مەرھۇم شائىر ئىمىن سەيپۇللامۇ لۈكچۈن مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، پىچان ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋە ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. ئۇندىن باشقا ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ ئاخۇنى بولغان ھامۇت قازى ئاخۇنۇم، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان نەسرۇللا ھاجى ئاخۇنۇم، تۇرپاننىڭ

تات، كاتىپ، ئاز ساندىكى بەگزادىلەر ھاكىمبەگ، تەيجى، جاساق، باشقۇر-غۇچى، جۇنۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلغۇچى، ئىشىك ئاغا قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. بۇ مەدرىس قۇرۇلۇپ باش مۇددەرىسلىككە قويۇلغان ئەخمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسورى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق شائىرى، داڭلىق تىلچە-سى، دانا مۇتەپپەكۇرى بولۇپ، ئۇ ئەرەپچىدىن «قەسىدە بوردىيە» ناملىق ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ھەم ئۇنىڭ بىزگىچە 3 داستانى جۇملە-دىن «رەۋزاتۇز زۆھرا» ناملىق يىرىك داستانى بىلەن بىر مۇنچە مەسنەۋى، مۇخەممەس، مۇئەممالىرى يىتىپ كەلگەن. زۆھۆرىدىن ھاكىم بەگمۇ مۇشۇ مەدرىستە ئوقۇغان بولۇپ ئۇ ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى ئىدى. زۆھۆرىدىن ھاكىم بەگ ئۆز دەۋرىنىڭ كاتتا ئەربابى بولۇپ، ئۆز ۋاقىتتا قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان. ئۇنىڭ بىزگىچە «زۆھىرى» ناملىق بىر توپلىمى يىتىپ كەلگەن.

پەرىدۇن بەگنىڭ ئوغلى مۇھەممەت سەئىدىمۇ مۇشۇ لۈكچۈن مەدرىسىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، يەكەنگە ھاكىم بەگ بولغان، ئەفرىدۇنمۇ لۈك-چۈن مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ، دەسلەپ لۈكچۈندە كېيىن قەشقەردە زوھۆرىدىن بەگنىڭ ئورنىغا ھاكىمبەگ بولغان. شائىر نىيازى - لۈكچۈن مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ دەسلەپ لۈكچۈن ئوردىسىدا خەتتات، كېيىن ئەفرىدۇن بەگنىڭ ئېلىپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوردىسىدا مۆھۆردار بولغان. ئەفرىدۇننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، يەكەندىكى چارتوك مەدرىسىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە مۇد-دەرىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ بىزگە «دىۋان نىيازى» دېگەن بىر شېئىرلار توپلىمى يىتىپ كەلگەن.

قىزنەچى، ئۇيغۇر تەنقىدىي رىيالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان موللا زەيدىنمۇ مۇشۇ مەدرىسىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇ ئۆمۈر بويى ۋاڭ - گۇڭ، سوپى - ئىشانلارنى رەسۋا قىلىدىغان كۈچلۈك لەتىپىلەرنى توقۇپ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن كۆرەش قىلغان. ئىنقىلاپچى جاما-

ئەسىرلەردە لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇندىن باشقا كىلاسسىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىمۇ 1838- يىللىرى ئەفىرۇدۇن ۋاڭنىڭ تەكلىپى بىلەن لۈكچۈنگە كېلىپ، ئىككى يىلغا يېقىن ئوردىدا تۇرغان ھەم ئۆزىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانلار توپلىمىنى بۇ يەردە يېزىپ پۈتتۈرگەن. بۇ داستانىنىڭ لۈكچۈندە كۆچۈرۈلگەن قول يازمىلىرىمۇ ئازادلىقتىن كېيىن، لۈكچۈن ئوردىسىدىن تېپىلىپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى.

1933 - يىلى شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى خوجىنىياز ھاجىنى لۈكچۈنگە قوغلاپ كەلگەندە، لۈكچۈن ئوردىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان توپلانغان قىممەتلىك تارىخىي، ئەدەبىي، مەدەنىي بويۇملار كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

## § 1 مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ناماياندىلەر

### 1 - ئەخمەت غوجامنىياز قىسسورى

ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۆزىنىڭ «رەۋزەتۇز زوھرا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانى بىلەن تونۇلغان داڭلىق شائىر ئەخمەت خوجامنىياز ئوغلى قىسسورى ھىجرىيە 1133 - يىلى (مىلادى 1717 - يىلى) پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن مەدرىسى ئالدى مەھەللىسىدە، مەرىپەتپەرۋەر تىۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بالىلىق، ياشلىق دەۋرىنى لۈكچۈندىكى «جاھاننامە مەدرىس» دە ئوقۇش، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. كىچىكىدىنلا ئىلىم - مەرىپەتكە قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ئەخمەت غوجامنىياز قىسسورى تېخىمۇ يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشقان

ئاخۇنى تۇرسۇن ئاخۇن خەلپىتىم، توقسۇننىڭ ئاخۇنى ھىشامىدىن ھاجى ئاخۇنۇم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىنىڭ تالىپلىرى ئىدى.

لۇكچۇن خانلىق مەدرىسىنىڭ تەسىرى بىلەن 1779 ـ يىلى تۇيۇق مەدرىسى، 1800 ـ يىلى پىچان ئۇلۇقتۇر مەدرىسى ۋە باشقا مەدرىسلەر قۇرۇلغان.

لۇكچۇن خېلى بۇرۇنلا شەرقى مۇغولىستان خانلىقىنىڭ پايتەختى بولۇپ، ئۇردىدا مەخسۇس كۇتۇپخانا تەسىس قىلىنغان. ئىمىن خوجا ئۆزى مەرىپەتپەرۋەر خۇداگۇي كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلىم ـ بىلىم ۋە كىتابقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەفىرىدۇن ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە تۇرپان ۋاڭلىقى راسا گۈللەنگەن، ئۇردىدا مەخسۇس كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇپ، كىتابلارنىڭ سانى نەچچە مىڭ پارچىگە يەتكەن. تارىخى مەنبەلەردىن قارىغاندا ئۇردا كۇتۇپخانىسىدا كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر، رىيازىي ئىلمى، تارىخ ئىلمى، مۇزىكا ئىلمىگە دائىر كىتابلار، ئەخلاق، دىن، پەلسەپە ئىلمىگە ئائىت كىتابلار، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، مانجۇچە نۇرغۇن ھۆكۈمەت ھۆججەت ـ ئاالاقىلىرى، لۇكچۇننىڭ يورۇت ۋە ۋاڭلار تارىخىغا ئائىت تەزكىرىلەر ساقلانغان. بولۇپمۇ ئۇردىدا ئەرەبچە، پارىسچە، خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە، تۈركچە تىللاردىكى ھەر خىل كىتابلار بار ئىدى. يەنە تارىخى كىتابلاردىن: جۇڭگو تارىخى، قارا كىتان تارىخى، شىنجاڭ ئىسلام تارىخى، ئۇيغۇر تارىخى، جۇڭگو خەرىتىسى قاتارلىق قىممەتلىك ماتېرىياللار ساقلانغان ئىدى. 1982 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلىدىكى بىر قىسىم يولداشلار لۇكچۇندە جەمئىيەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇ جايدىن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلشىر ناۋايىنىڭ لۇكچۇن ئۇردىسىدا كۆچۈرۈلگەن «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ـ ئىسكەندەر» سىنى تاپقان ھەم بۇ چوڭ ھەجىملىك «خەمسە» نىڭ 18ـ

دەپ ئىلىمنىڭ خاسىيىتىنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، كىشىلەرنى ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلسا، تۆۋەندىكى مىسرالاردا ئادالەت ۋە خەلقچىللىقنى ياقىلاپ، تەڭسىزلىك، جاھالەت گەردىشى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىدۇ.

قازاندەك قارايسۇن پەلەكنىڭ يۈزى،
جاپا بىرلە جۈپتۇر ۋاپا بىرلە تاق.
ئەيسادەك كىشىگە بېرىپ بىر ئىشەك،
ئىشەكتەك كىشىگە بېرىپ مىڭ بوراق.

شائىر ئۆز ھاياتىدا، تەرجىمە ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن «ئەسھابىل كەھبىنىڭ تەزكىرىسى»، «تارىخىي ئەسھابىل كەھىب» ۋە «قەسىيدە بوردىيە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتىن بېيىپ مۇكەممەللىشىگە، خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ جانلىنىشىغا ھەسسە قوشقان.

شائىر ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئەسىرىنى ھىجرىيە 1202۔ يىلى (مىلادى 1788۔ يىلى) يېزىپ چىققان. «رەۋزەتۇز زوھرا (كۆكلەم باغ)» ناملىق چوڭ ھەجىملىك داستانىدۇر. بۇ داستان ئۈچ كىچىك داستاندىن جەمئىيلەنگەن، 3 مىڭ مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان ھالدا مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ساداقەت، ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەب - ئەخلاق ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى بايان قىلىدى.

چەكلىك ھاياتىدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن چەكسىز، مول مەزمۇنلۇق ئىجادىي بايلىقلارنى يارىتىپ بەرگەن تالانتلىق شائىر ئەخمەت غوجامنىياز ئوغلى قىسسورى 110 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1827 - يىلى لۈكچۈندە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەستى تۇيۇق ئەسھەبۇل كەھبىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇ ھېلىھەم بىر زىيارەتگاھ بولۇپ، 150 يىلدىن بۇيان ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ھەمدە ئەرەپ، پارس تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ گراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. شۇنداقلا قەشقەردىكى ئاتاقلىق تىۋىپلاردىن تىببىي ئىلىمنى قوشۇمچە ئىگىلىگەن. شائىر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، لۈكچۈن خانلىق مەدرىسىدە باش مۇددەرىس ۋە ئەلەم ئاخۇنلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن. شائىر مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۆز ئالدىغا يېڭىچە يول تۇتۇپ، بۇرۇنقى مەدرىسلەردە يولغا قويۇلغان ئەرەپ، پارس تىلىدا ئوقۇشنى ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇشقا ئۆزگەرتىپ، تالىپلار ئۈچۈن كۆپ ئاسانلىق تۇغدۇرغان. ئەرەپ، پارس تىلىدىكى دەرسلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ئۆزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىرلارنى يېزىپ ئومۇملاشتۇرغان. تالىپلارنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە سۆزلەش، يېزىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، سۆز ھەم شېئىر ئوقۇش مۇسابىقىلىرىنى ئۇيۇشتۇرغاندىن باشقا شېئىرىي تېپىشماقلارنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئويلىنىش، ئىزدىنىشىگە بەرگەن. قىسسورى ئىجادىيىتى ئۇنىڭ مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا باشلانغان بولۇپ، يەنى ھىجرىيە 1153 ـ يىلى (1737 ـ يىلى) دىن باشلاپلا كىچىك ھەجىمدىكى غەزەل، روبائىي، مەسنەۋىگە ئوخشاش لىرىك شېئىرلارنى يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلىك، ئىلىم ـ مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، تەرەققىيپەرۋەر كىشى بولغاچقا ئۆز شېئىرلىرىدا ئىلىم ـ پەننى كۈيلەپ ئادالەت، ھەققانىيەتنى ياقىلىغان. قىسسورى تەرىپىدىن يېزىلىپ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن چوڭ تاختايغا كۆچۈرۈلۈپ، لۈكچۈن مەدرىسىنىڭ دەرسخانا ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان بىر شېئىردا شائىر:

ئەي دىل سەركەشتە تاۋاب ئەتكىل جانابى ئىلىمنى،
ئىستەگىل غەمكىن سەن ئۆز ئىشرەت شارابى ئىلىمنىي.
ساپى قىل كۆڭلۈڭ ھاۋايى، ئابى خاندىن ئۇرما دەم،
ئىستەسەڭ ئائىنە ياڭلىغ ئاپتابى ئىلىمنى.
يۈز ئىشىكلەر باغى جەننەتتىن يۈزۈڭگە ئاچىلۇر،
كۆلبەئى مەھنەت ئارا ياياساڭ كىتابى ئىلىمنى.

زاھىر قارىھاجىدىن تەنبىھ ئاڭلىغان.

موللا زەيدىن 25 ـ 30 ياشلار ئارلىقىدا ئۆزىنىڭ گەپتان، قىزىقچىلىقى، لەتىپە توقۇشتىكى ماھىرلىقى، بەزمە ۋە ئولتۇرۇشتىكى تېز جاۋابلىقى بىلەن داڭق چىقىرىپ، يالغۇز لۈكچۈنگىلا ئەمەس، بەلكى پىچان، تۇرپان، قۇمۇل، توقسۇن قاتارلىق يىراق ـ يېقىنىنىڭ ھەممىسىگە تونۇلغان. موللا زەيدىنىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋەت ۋە شۆھرىتىدىن ۋاقىپلانغان قۇمۇل، لۈكچۈن ۋاڭلىرىمۇ موللا زەيدىنىنى مەسخىرە ئوبيېكتى قىلغان ھالدا، ئۆزلىرى ئويۇشتۇرغان سورۇنلىرى قىزىتىش مەقسىتىدە ئۇنى پات ـ پاتلا ئەمەلدارلار توپلاشقان سورۇنلارغا چاقىرىدىغان بولغان. بىراق موللا زەيدىن بۇ سورۇنلارنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنى چۆشۈرۈپ، شەرمەندە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەيدانى دەپ قارىغانلىقتىن، ئۇ ۋاڭ، گۇڭ بەگ دېگەنلەرنىڭ خەلق ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى، ئالدامچىلىق، مەككارلىقىنى، پارىخور، جازانىخورلىقىنى، ئەخمەق، دۆتلىكىنى پاش قىلىدىغان، ئاچچىق مەسخىرە بىلەن تولغان كۈلكىلىك لەتىپە، ھەزىل چاقچاقلارنى توقۇپ، روھىي جەھەتتىن قاتتىق دۇمبالىغان. موللا زەيدىن تەرىپىدىن ئېيتىلغان «بىر تاۋاق پولو»، «جاۋاب تاپالمىسلا شەھەر بەرسىلە»، «جازا»... قاتارلىق لەتىپىلەر ئاشۇ خىل سورۇنلارنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بەزى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، موللا زەيدىن ئۆزىنىڭ تەدبىر، پاراسەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن قۇمۇل، لۈكچۈن ۋاڭلىرىغا ياراپ قالغانلىقتىن، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا ئۇون نەچچە يىل خىزمەت قىلغان. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ ئەفىرىدۇن ۋاڭغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا بارغان. ئەفىرىدۇن قەشقەرگە ھاكىم بەگلىككە تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە كېلىپ توققۇز يىل تۇرغان. موللا زەيدىن ۋاڭ ئوردىلىرىدا خىزمەت قىلىش جەريانىدا يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆز قىزىقچىلىقىنى جارىي قىلدۇرۇپ، ۋاڭ ئوردىسىدا بولۇۋاتقان ئادالەتسىزلىك، تەڭسىزلىكلەرنى چاقچاق، قىزىقچىلىق بىلەن

## 2 ـ خەلق سەنئەتكارى موللا زەيدىن

داڭلىق قىزىقچى، چاقچاقچى، خەلق سەنئەتكارى موللا زەيدىن ھىجرىيە 1230 ـ يىلى (مىلادى 1815 ـ يىلى) لۈكچۈننىڭ باغرا يېزىسىدا، نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئالتە يېشىدا ئۆز مەھەللىسىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ساۋادىنى چىقارغان. ئون يېشىدا مەدرىسكە كىرىپ ئالتە يىل تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق، ئەرەپ، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەپ، بۇ خىل تىللاردا يېزىلغان كىتابلارنى ۋە قۇرئاننى بىمالال ئوقۇپ ۋە شەرھىيلەپ مەنا ئېيتالايدىغان موللا، ئۆلىما بولۇپ يېتىشكەن. مەدرىستە ئۇ يەنە ناۋايى، سوپى ئاللا يار، خوجا ھاپىز شىرازى، ئەخمەت يەسەۋى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ مۇناجەت، قەسىدە، غەزەللىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، بۇ ساھەدە يېتەرلىك مەلۇمات ئىگىلەپ، «موللا زەيدىن» دەپ نام ئالغان.

موللا زەيدىن گەرچە ئۆز زامانىسىنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىماسى، تالانتلىق شائىرلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا شۆھرەت كەلتۈرگىنى موللا ئۆلىمالىقى، شائىرلىقى ئەمەس، بەلكى سۆزمەن، قىزىقچىلىقىدۇر. موللا زەيدىننىڭ پۈتۈن ھاياتى نامراتچىلىق، غورىبەتچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ كىچىككىدىنلا ناخشا، سازغا ماھىر، خۇشچاقچاق، قىزىقچى، پاراسەتلىك كىشى بولغاچقا، خەلق ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلىرىنى قىزىتىش ئۈچۈن، ئۇنى يانلىرىدىن بىر دەممۇ ئايرىماي خەيرخاھلىق قىلغان. موللا زەيدىنمۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، ھۆرمىتىنى ئەلا بىلىپ، خەلقنى دوست تۇتۇپ، ھەر بىر سورۇنلاردا ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ، دەرتمەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگەندىن باشقا بىر قىسىم قازى، موللا، ئىشان، بۇۋى دېگەنلەرنىڭ ئاچكۆزلىكى، پارىخورلىقى، مۇتەئەسسىپلىكىنى سۆكىدىغان قىزىق ـ قىزىق لەتىپە، نەزمىلىك ساتىرا، شائىخو پاراڭلارنى توقۇپ، ھېكايىلەرنى ئېيتىپ كۈلدۈرۈپ، ئۇلارغا سىرداش بولۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ كۆپ قېتىم مەھەللىسىدىكى مۇددەرىس، ئىمام

## 3 ـ تارىخشۇناس موللا مۇھەممەت سىيتنىياز

تۇرپان ئويمانلىقى ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى. بۇ ۋادىدا نۇرغۇن ئىلىم ـ پەن ئەھلى ئۆتكەن. موللا مۇھەممەت سىيتنىياز ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم ـ پەن تارىخىنى بېيىتقان.

موللا مۇھەممەت سىيتنىياز 1843 ـ يىلى لۈكچۈندە تۇغۇلغان. بالىلىق چاغلىرىدا لۈكچۈندىكى خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان. كېيىن قەشقەر ۋە كۇچادىكى مەدرىسلەردە بىلىم ئاشۇرغان. ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە، ئوتتۇرا شەرقتىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. لۈكچۈندىكى خانلىق مەدرىس ئەينى زاماندا ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردە دىنىي ئىلىمدىن باشقا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرمۇ تەھسىل قىلىناتتى. موللا مۇھەممەت سىيتنىياز كېيىن مۇشۇ مەدرىستە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇدەررىسلىك قىلىپ، 1931 ـ يىلى 87 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئۇ ئالىم، ئەدىپ، ئۇستا خەتتات، شۇنداقلا ئۇستا تەرجىمان ئىدى. «مەلۇماتى ئافاق» ، (دۇنيا ھەققىدە مەلۇمات) دېگەن ئەسەر ئۇ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر تەرجىمە ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر مۇقەددىمە بىلەن 627 بەت (بېشى ۋە ئاخىرىدىن ئۈچ تۆت بەت كېرەكتىن چىققان) بولۇپ، موللا مۇھەممەت سىيتنىيازنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر نۇسخىلا كۆچۈرۈلگەن ۋە لۈكچۈندە 70 ـ 80 يىل ساقلانغان. ئۇ تەرجىمە ئەسەر 19 ـ ئەسىردە بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ـ كونا قول يازمىلار ئىچىدە ئەمەلىي قىممەتكە ۋە تەتقىقات ئەھمىيىتىگە ئىگە بىرىنچى قول ھۆججەتتۇر. «مەلۇماتى ئافاق» نى پارس ئالىمى ئويۇلھەسەن هاراۋكا (16 ـ ئەسىردە ئۆتكەن) پارس تىلىدا يازغان بولۇپ، ئۇ شەرق ۋە غەربتە داڭ چىقارغان. بۇ ئەسەر كۆپ تەرەپلىمە بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى سەيياھلار، تەبىئەت-

قاتتىق سۆككەن. ئىناۋىتىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورققان ۋالى ئۆزىنىڭ «شەرىن دۈشمىنى» موللا زەيدىننى سەككىز قېتىم ئورنىدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، بىراق قىزىقچىلىق، سۆزمەنلىكتە ئۇنىڭدىنمۇ ئىقتىدارلىق بىر-ىسىنى يولۇقتۇرالمىغانلىقتىن، توققۇزىنچى قېتىم چاقىرتىۋېلىشقا مەجبۇر بولغان.

موللا زەيدىننىڭ بىر قىسىم ھاياتى ياقا - يۇرتلاردا يۇرت كېزىش ۋە مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن. شۇڭا ئۇ ياخشى كۆرگەن قىزى ئالمىخان بىلەن قوشۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، خېلى ياشلارغا كىرگىچە ئۆيلىنەلمىگەن. خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان «ئالمىخان قوشىقى» موللا زەيدىننىڭ ياقا - يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆز سۆيگۈنى ئالمىخاننى ياد ئېتىپ توقۇغا قوشىقى ئىكەن. ئۇنىڭ ئەفىرىدۇن ۋالى ۋە خانىش ئاي فۇجۇڭ بىلەن بىللە بېيجىڭغا بېرىش يولىدا ئېيتىپ بەرگەن «ھەر ئادەمدە ئىككى نەپسى باردۇر. بىرى ئىگىز، بىرى پەس، بىرىگە نان بەرسە ئۇنايدۇ. بىرىنى ئۇناتماق تەس» دېگەن تېپىشمىقىغا قارىتا ئەفىرىدۇنۋاڭنىڭ «ئالمىخان بىلەن كۆرۈشكەندە قانائەت تاپقاي» دېگەن جاۋابى دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ.

موللا زەيدىن ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئوردا خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئاتا كەسپى قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھىجرىيە 1297- يىلى (مىلادى 1880 - يىلى) 65 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ جەسىتى ئۆزى ھايات ۋاقتىدا لۈكچۈن شەھەر شەرقىي قوۋۇق دەرۋازا سىرتىدىكى ئاچا يول دوقمۇشىغا گۈمبەزلىك قىلىپ ياسىتىلغان قەۋرىگە دەپنە قىلىنغان.

موللا زەيدىن لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ياشىغان ئورۇن تۇرپان، لۈكچۈن، قومۇلنىڭ ئۆرپ - ئادەت، تىل قائىدىلىرى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەندىن باشقا، يەنە شۇ ئورۇنلارنىڭ ۋاڭلىرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى شەرقىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سىزىپ بەرگەن.

مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، نىشاپور، تەبرىز، ئىستامبول قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بىنا بولۇش تارىخى، چاڭجىياڭ، خۇاڭخې، نىل، ۋولگا، گانگى قاتارلىق مەشھۇر دەريالارنىڭ ئېقىمى ئۇزۇنلۇقى، مەشھۇر جەزىرىلەر، ئورمانلار، تاغلار توغرىسىدا ناھايىتى قىزىقارلىق بايانلار بېرىلگەن. قىسقىسى «مەلۇماتى ئافاق» بىزنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلىم تەرەققىياتى، جۇملىدىن قەدىمىي ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنىڭ 19 - ئەسىردە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەر قانداق تەرجىمە ئەسەردىن ياخشى چىققانلىقىغا قاراپ، مۇھەممەت سىيىتنىيازنىڭ ناھايىتى بىلىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

## 4 - خەلق شائىرى موللا روزىمەت

تۇرپاندىكى ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدىن چىققان شائىر موللا روزىمەت 1867 - يىلى تۇرپان شەھەر يار بېشى مەھەللىسىدە بىر ئاتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ياشلىقىدىلا ئۆزى ياخشى كۆرگەن تامچىلىق كەسپىنى پىششىق ئۆگىنىپ، تۇرپان بويىچە روزىمەت تامچى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، يەنە ياغاچچىلىق، بوزچىلىق كەسپلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە لايىھىلەپ ياسىغان ئۆي ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرى تۇرپاندا خېلى شۆھرەت قازانغان. خەلق شائىرى موللا روزىمەت ياش چېغىدىلا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، شېئىر، ئەدەبىيات، خەتتاتلىق، كاتىپلىق سەنئەتلىرىگىمۇ قىزىققان. تامچىلىق، ياغاچچىلىق كەسپلىرىنى ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا قولىدىن دۇۋەت قەلىمىنى چۈشۈرمەي ئۆزى ياشىغان جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، ئەخلاق - پەزىلەتكە يات دەپ تونۇغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پاش قىلىپ، شېئىر، قوشاقلار توقۇغان. ھەتتا دەرت - ئەلەمگە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلارغا سۇنىدىغان ئەرز داتا

شۇناسلار ۋە تارىخچىلارنىڭ ياخشى قوللانمىسى بولۇپ قالغان. بۇ ئەسەردە جۇڭگو، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئەھۋالى، 100 گە يېقىن شەھەرنىڭ قىياپىتى، كېلىماتى ۋە قاتناش يوللىرى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىكى بەزى مەزمۇنلار شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى ئۆگىنىشتە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيىسى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا رىۋايەتلەردىن باشقا، تارىخىي ۋەقەلەرمۇ كەڭ بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا 14 ـ، 15 ـ ئەسىرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن تېمۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ۋە سودا مۇناسىۋىتى، شاخرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ بېيجىڭ شەھىرىدە بولغانلىقىغا دائىر تارىخىي ۋەقەلەر مۇنداق بايان قىلىنغان. «. . . مىرزاشاھىروخ چىن (جۇڭگو) تەرەپكە ئەلچىلەرنى ئەبەردىلەر. ھىجرىيە 822 ـ يىلى ماھىزولقەھدىنىڭ 16 (مىلادى 1403ـ، 1405ـ يىللىرى 4 ـ ئاي) ھىجرادتىن تاشقىرى چىقىپ 1 ـ ماي شتابىنىڭ 16 سى 23 ـ يىلدا (مىلادى 1405 ـ 1406 6 ـ ئاي) چىن (جۇڭگو) سەرھەدىيە (تەۋەسىگە) يېتىرۇرلەر. ئول ۋەقتتە چىن سەرھەدىنىڭ ھاكىمى ۋاڭجەن دېگەن كىشى ئەلچىلەرنى زىياپەت قىلىپ نەھايەت ئىززەت ـ ئېكراملارنى قىلىپ، خىزمەتلىرىنى بىجا كەلتۇردىلەر. . . (قول يازما 424 ـ، 426 ـ بەتلەر). بۇ باياندىن كېيىن، ئەلچىلەرنىڭ خانبالىق (بېيجىڭ) غا قايتىپ كەلگەنلىكى، خانىنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، سودا كېلىشىمى تۈزگەنلىكى، بېيجىڭ خانىنىڭ دىپلوماتىيە قائىدە ـ يوسۇنلىرى، ئوردا تەرتىپى، ئەمەل ـ مەنسەپ دەرىجىلىرى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. مۇشۇ سەھىپىدە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى قىياپىتى، خەلق تۇرمۇشى، داڭلىق قۇرۇلۇشلىرى، بېيجىڭلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ تەسۋىرلەنگەن. ھەتتا، بېيجىڭ ئاھالىسىنىڭ سانى، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، دۇكان، كارۋان سارايلىرىنىڭ سانىغا مۇناسىۋەتلىك سانلىق

ئۇ بۇ خانلىق مەدرىسىدە ئەلا دەرىجىدە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، بۇنى كۆرگەن مۇددەرىس ئاخۇنۇملار نەمەت خەلپەتنى ئۆزى ئوقۇغان مەدرىسىگە خەلپەت (ئوقۇتقۇچى) قىلغان. «خەلپەت» دېگەن بۇ سۆز شۇندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ھازىرغا قەدەر نەمەت خەلپەت دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

نەمەت خەلپەت كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك، تىرىشچان بولغانلىقى ئۈچۈن پارس، ئەرەپ، تۈركى تىللىرىنى خېلى پىششىق ئۆگەنگەن. شۇنداقلا ناۋايى، مەشرەپكە ئوخشاش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن.

نەمەت خەلپەت ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاممىنىڭ ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلىرىگە ۋە ھەر خىل ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. نەتىجىدە، زالىم ئەمەلدارلار، ۋاڭ، بەگلەر ۋە يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئاچكۆز، زالىملىقىغا نەپرەتلەنسە، كەڭ ئېزىلگۈچى خەلققە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئۇرغۇپ، تەڭسىزلىك، ئادالەتسىزلىك بىلەن تولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان قارشىلىقى كۈچەيگەن. بۇنىڭ بىلەن قەلەمنى قورال قىلىپ، زالىم ئەمەلدارلارنى جاھىل روھانىيلارنى پاش قىلىدىغان نادانلىق، خۇراپىيلىق، تەقدىرچىلىكنى سۆكىدىغان نۇرغۇن شېئىر، قوشاق، لەتىپىلەرنى يېزىپ خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرغان.

1912 - يىلى نەمەت خەلپەت خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا قاتنىشىشنى ئارزۇ قىلىپ، تۇرپاننىڭ مۇرتۇق يېزىسىغا ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ جايدا يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن موسۇل مۇھىتى، مەخسۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، توي - تۆكۈن، مەشرەپلەردە خەلققە ياقىدىغان لەتىپە، چاقچاقلىرىنى ئوقۇپ بېرىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن.

1913 - يىلى تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قومۇل دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى مەدھىيىلەپ، «باركاللا» ناملىق داستاننى يېزىپ چى-

ری، شکایەتلىرىنى يېزىپ بېرىپ، «موللا روزىمەت كاتىپ» دەپمۇ نام چىقارغان.

ئۇنىڭ هازىرغىچە، هايات بولغان كىچىك ئوغلى مۇتىئۇللا روزىمەت (68 ياش) ۋە ئۇنى تولۇق بىلىدىغان چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، ئۇ ۋاپات بولغان 1930 - يىلغىچە بولغان 63 ياشلىق ئۆمرىدە 500 كوپلىتقا يېقىن «مۇخەممەس» شەكلىدە شېئىر، قوشاقلار يازغان. بىراق ئۇنىڭ تولۇق توپلىمى كېيىنكى ۋاقىتلاردا يوقىلىپ كەتكەن.

ئۇ يازغان تۆۋەندىكى مۇخەممەستە مۇنداق بايان قىلىنغان:

سەهەر قوپۇپ تىلمەيدۇ ئەل -يۇرت بولسۇن ئامان دەپ،
شائىيولارغا تويدۇرماي دورغا كېلۇر ئالۋان دەپ.
پۇل يوق دېسە قويۇپ بەرمەس بېرىلىك بىر قاپ سامان دەپ،
ئالۋائچىلار قاقشايدۇ كونا دورغا يامان دەپ،
بۇ جاهان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشانى كۆرۈڭ.

بەزىلەر تۇغسا ئوغۇل ئېتىنى قويىدۇ خالىدىن،
پۇلى كۆپ بولغان بىلەن بەرمەس زاكاتنى مالىدىن،
قوشنىسى ئۆلگەن بىلەن خەۋەر ئالماس هالىدىن،
بولدى زاتى هېچ ئۇياتماس ساقلىنىڭ چالىدىن،
بۇ جاهان بولدى بۇ قىسمەت بۇ تاماشىنى كۆرۈڭ.

## 5 - دېموكرات شائىر نەمەت خەلپەت

نەمەت خەلپەت 1888 - يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى داۋۇت ئاخۇن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىقچىلىق بىلەن شوغۇللانغان.

نەمەت خەلپەت ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 20 ياشلارغا قەدەم قويغاندا، لۈكچۈندىكى خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

خەلپەتنىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى» شېئىرى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ شېئىر مۇنداق ئاخىرلاشقان:

بۇ پۈتۈن شىنجاڭ ئارا مەكتەپ ئېچىلغاننى كۆر،
گۈل ئاچىلغان بارچە مىللەت باغۇ - بوستاننى كۆر.
ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە، پايدىلانغاننى كۆر،
روھلىنىپ، ئادەم بولۇپ ھەم نۇرلى بولغاننى كۆر.
بولماقى مۇمكىن يېقىندا، مەدەنىيەت كۆنلىرى،

بۇ شېئىردا، يېڭى تۈزۈمنى، جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ، مەدەنىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش، شۇنداقلا خەلقنىڭ يېڭىلىقتا بولغان ئىنتىلىشى، ھەممە نەرسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يېڭىلىنىدىغانلىقى كۈچلۈك ئىشەنچ بىلەن ئىپادىلەنگەن.

1937- يىلى شىڭ شىسەي ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغان. شۇ يىلى نەمەت خەلپەتمۇ قولغا ئېلىنىپ، شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە 7 يىل ئازاب چەككەن. نەمەت خەلپەت ئۆزىنىڭ تۈرمىگە ناھەق قامالغانلىقىغا كۆپ قېتىم نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، مۇناپىقلار قىلچە پەرۋا قىلمىغان. نەتىجىدە، غەزەپلەنگەن نەمەت خەلپەت تۈرمىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان.

ئۇ «ۋادەرىخ» ناملىق شېئىرىنى مۇنداق يازغان.

ياخشىلاردىن قالمىدى، زىندانغا چۈشمەي بىر كىشى،
بۇ نىچۈن بى رەھىملىك، ئەي چەرغى گەردان، ۋادەرىخ.
ياخشىلارغا ھەم نەپەس بولساڭ ئەگەر زىنداندا سەن،
ھېچ كېرەك يوق، ئەيلىسەڭ جانىڭنى قۇربان، ۋادەرىخ.

شائىر نەمەت خەلپەت قاماقتا قانخور شىڭ شىسەي جاللاتلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم سوراق قىلىنىپ، قاتتىق قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، دۈشمەنگە قىلچە باش ئەگمىگەن. ئۇ 1942- يىلدىن 1944- يىلى 6- ئايغىچە تۈرمىدە ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىر كامىردا ياتقان. سوراق

قىپ، خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى تۆمۈر خەلىپە بىلەن مويدىن خەلىپىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە بۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگەن ئەسكەرلىرىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان نەمەت خەلپەت «پۇشايمان»، «ھەسرەت» ناملىق شېئىرلىرىنى يېزىپ چىقىپ قەتىل قىلىنغان قوزغىلاڭچىلارنى ياد ئېتىپ، خەلقىنىڭ بۇ خىل ئاچچىق ساۋاقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ داۋاملىق ئىنقىلاپ قىلىشقا چاقىرغان.

1913 - يىلدىن كېيىن تۇرپاننىڭ مەشھۇر نەغمىچىلىرى نۇرۇل ئاكا، بۇرھان پەدىزامان ۋە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇپ، قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىدۇ. 1933 - يىلى 13 - مارت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قۇربان بولغانغا قەدەر ئىجادىي مۇھاكىمىلەردە بىرگە بولغان ۋە خېلى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

1930 - يىلنىڭ باشلىرىدا تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانسىنىپلارغا قارشى قوزغىلاڭ تەييارلىقى بولغاندا نەمەت خەلپەت مەسچىت، مەدرىسلەردە ۋە ئامما يىغىلغان سورۇنلاردا تەشۋىقاتچىلىق رول ئوينىغان.

1931 - يىلى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. نەمەت خەلپەت دەسلەپتە تۇرپان دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرگە بولغان. كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرگە بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىغا مەسئۇل كاتىپ ۋە ھەربىي مەسلىھەتچى بولغان.

خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن 1935- يىلى نەمەت خەلپەتنى ئۆلكىلىك بانكىغا مۇئاۋىن بانكا باشلىقى قىلىپ خىزمەتكە تەيىنلىگەن. ئۇ بۇ جەرياندا، شىنخەي ئىنقىلابىدىن باشلانغان بىر تارىخىي داستان يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغان.

1936 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى»دە نەمەت

بۇلۇت ياپقان بىلەن بۇ ئاپتاپ ھەرگىزمۇ غۇبار بولماس.
غەنىمەت ۋاقتى پۇرسەتتۇر، ۋەتەنپەرۋەر بۇرادەرلەر،
ۋەتەنگە ئەيلىگەن ھەر خىزمىتىڭ ھەرگىز بىكار بولماس.»

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان كۈنلەردە نەمەت خەلپەت چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ خەلق ئاممىسىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۈچەيتىشكە ئۈندىگەن. بۇ چاغدا يازغان ماقالە، شېئىرلىرى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «بولسا كېرەك» ماۋزۇلۇق شېئىرى مۇنداق يېزىلغان.

سەن تىرىشچان بول سائادەتلىك زامان بولسا كېرەك،
بول ۋەتەن خىزمەتچىسى نامى نىشان بولسا كېرەك.
«ئىشلىگەن چىشلەيدۇ» دەپ باردۇر ماقال خەلقئارا،
بۇ ھەقىقەت سۆزىنى دەرگە مىڭ زابان بولسا كېرەك.
نۇرلىنىپ كەتتى بۈگۈن جۇڭگو پۈتۈن تۇپراقىمىز.
خەلقىمىز راھەت ياشاپ تېزدىن ئامان بولسا كېرەك،
ئەي كەمى، خارلىق كۈنىڭ كەتتى بېشىڭدىن مەڭگۈگە.
بۇ سائادەتلىك كۈنۈڭ تاجاۋىدان بولسا كېرەك.

دەپ يېزىپ خەلقنى سىياسىي جەھەتتىن ئازاد بولغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ۋەيرانە تۇرمۇشنىڭ تېخى ئەسلىگە كەلمىگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئۈندەپ، ئىشلىگەن چىشلەيدىغان زامان يارىتىلغانلىقىنى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تېزدىن ياخشىلىنىدىغانلىقىنى، زۇلمەتلىك زاماننىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

نەمەت خەلپەتنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىل ئىدىيىسى ناھايىتى روشەن بولغاچقا، ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئالاھىدە قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. 1950 - يىللاردا نەمەت خەلپەت مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1955 -

جەريانىدا، قاتتىق جاراھەتلىنىپ يېتىپ قالغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنى ياخشى كۈتۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. نەمەت خەلپەت بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن. ئاخىرى 1944- يىلى تۈرمىدىن چىققان.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۆتۈرۈلۈپ، 1946- يىلى 1- ئاينىڭ 2- كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم تۈزۈلدۇ. بىتىمگە ئاساسەن، 1946 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنىپ، ئەخمەتجان قاسىمى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلگەن. نەمەت خەلپەت تۇرپان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئەخمەتجان قاسىمىنى تەبرىكلەپ ئۈرۈمچىگە چىققان. كۆپ ئۆتمەي بۇ 11 ماددىلىق بىتىم گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇزۇلغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئىلىغا قايتقان. نەمەت خەلپەتمۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىلىغا بارغان ھەم «7 ۋىلايەت خەلقچىللىرى بىرلەشمىسى» نىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1948 - يىلى قۇرۇلغان «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان.

نەمەت خەلپەت غۇلجىدا تۇرغان مەزگىللەردە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىنىۋاتقان خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ پات ئارىدا پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەكسىيەتچىلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ 1949 - يىلى 7 - ئايدا «بولماس» شېئىرىنى يېزىپ، بۇ جەھەتتىكى ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن.

«زېمىستان ئۆتمىگۈنچە جۇ چىقىپ، ھەرگىز باھار بولماس،
قارا تۈن كەتمىگۈنچە كۈن چىقىپ روشەن ناھار بولماس.
تەلۇغ قىلدى ھەقىقەت ئاپتابى نۇرىنى چېچىپ،

## 1. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ شىنجاڭ مائارىپىغا قوشقان تۆھپىلىرى

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، چەتئەل ئەكسىيەتچىلىرى ۋە ئىچكى جەھەتتە فېئودال كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىشى نەتىجىسىدە، خەلقىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مائارىپى تەرەققىي قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن بەلكى ئەسلىدىكىسىمۇ يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شىنخەي ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ھۆكۈمەت تەرەپتىن باشقۇرۇلغان بىرمۇ يېڭىچە مىللىي مەكتەپ يوق ئىدى. ئۈرۈمچى قاتارلىق بىر قانچە چوڭ شەھەرلەردە بىر نەچچىلىگەن خەنزۇ مەكتەپلىرى (شۆتاڭ) بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەردە يۇقىرى تەبىقىدىكى مۇستەبىت ئەمەلدارلارنىڭلا بالىلىرى ئوقۇيالايتتى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ بالىلىرى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمايتتى.

مەخسۇت مۇھىتى 1910 ـ يىللىرى بىرىنچى قېتىم سودىگەرچىلىك بىلەن روسىيىنىڭ شەمەي، قازان شەھەرلىرىگە بارغان. بۇ جەرياندا، قازان تاتارلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مەدەنىيىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ناھايىتى چوڭ پەرق قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر مۇنچە تاتار زىيالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، خەلقىمىزنىڭ نادانلىق، نامراتلىقلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ، قانداق قىلغاندا، خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى مەدەنىيەتلىك قىلغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر ئالغان. تاتار زىيالىيلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىردىن ـ بىر تەكلىپى: ئالدى بىلەن مەكتەپ ئېچىپ، خەلقنى ئاقارتىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت بولغان. مەخسۇت مۇھىتى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار كىشىلەر بىلەن بۇ توغرىدا كۆپلەپ پىكىر ئالماشتۇرغان. بۇ ۋاقىت دەل مەملىكىتىمىزدە سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتى ئۇلۇغ شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاپ، 1912 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغان ئىدى. پىچان لۈكچۈنلۈك ئىلغار زىيالى تاھىر بەگ شىنجاڭ

يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

شائىر نەمەت خەلپەت ئېغىر قان بېسىمى كېسىلىگە مۇپتىلا بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1962 - يىلى 74 يېشىدا ۋاپات بولغان.

شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئەسەرلىرى شىڭ شىسەي قولىدا نابۇت بولغان بولسا، ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەسەرلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ۋەيران بولغان. ئۇنىڭ ھازىر 1947 - يىلىدىن ئازادلىققىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلىدا يازغان، ھەر قايسى مەتبەئەلەردە ئېلان قىلىنغان بىر بۆلۈم ئەسەرلىرى بار بولۇپ، كۆپلىگەن لەتىپە، يۇمۇر، كۇلكىلىك چاقچاق-لىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە. تۇرپان خەلقى ھازىرمۇ شائىر نەمەت خەلپەتنى سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

## 6 - مەخسۇت مۇھىتى

مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى 1885 - يىلى تۇرپان ئاستانىدا بىر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش چاغلىرىدا شۇ جايدىكى دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا سودىگەرچىلىك بىلەن ئۈرۈمچى، چۆچەك ۋە روسىيىنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا شەھەرلىرىدە سودىگەر-چىلىك قىلىش جەريانىدا، بەزى ئالىملار ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىلار بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئىلمىي سۆھبەتلەر ئېلىپ بارغان. بۇ ساياھەت سۆھبەت-لەر مەخسۇت مۇھىتىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلغان. شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭ-دا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى مەدەنىيەتكە، مەرىپەت-كە باشلاش قارارىغا كېلىپ، ئۆز ئۆمرىدە شىنجاڭ مىللىي مائارىپىنى بەرپا قىلىش يولىدا ئالاھىدە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

ردىن ھەيدەر ئەپەندى سايراننى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، تۇرپان ئاستانىدا ئۆز قوراسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوشلۇقتا بىر مەكتەپ سالدۇرۇپ، يىگىرمىدەك ئۆسمۈرنى ئوقۇتىدۇ. بۇ مەكتەپ سېلىنىش جەھەتتىن ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، كۆنگەي تەرەپكە 4 دېرىزە قويۇلغان ئىككى قەۋەتلىك بىنا بولۇپ، سىنىپ ئىچى دوسكا، پارتا ۋە باشقا ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن جاھازىلانغان. مەكتەپ قوراسىدا كۆل بولۇپ، ئەتراپى دەرەخلەر بىلەن ئورالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئۆتۈلگەن دەرسلەر بۇرۇنقى كونا مەكتەپلەردىن روشەن ھالدا پەرق-لىق بولغىنى ئۈچۈن، بىر قىسىم مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. ئۇلار بۇ مەكتەپنى «جەدىتلەر مەكتىپى» دەپ ئاتاپ، ئۆز باللىرىنىڭ بۇ مەكتەپتە ئوقۇشىغا يول قويمايدۇ. پەقەت تۇرپان، ئۇرۇمچى ۋە گۇچۇڭلاردە-كى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ باللىرىلا بۇ يەرگە (ئاستانە-گە) كېلىپ ئوقۇغان.

خەلقنى ئاقارتىش ۋە مەدەنىيەتكە باشلاش، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ھە دېگەندىلا ئاسان ئۇتۇقلۇق بولىۋەرمىگەن. ئۇ قاتمۇ - قات زىددىيەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ توسالغۇسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى جاھىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرى يۈز بېرىپ تۇراتتى.

بۇ مەكتەپلەردە ئۆز ۋاقتىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەر ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ئەسىر سائادەت، دىنىي دەرس ۋە باشقىلار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا شېئىر ئۆگىتىلەتتى. بۇ شېئىرلار تاتارچە بولۇپ ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى تېكىست قىلىناتتى. مەسىلەن:

ئەي تۇغان تىلىمەي ماتۇر تىل،
ئەتكەم - ئەنكەمنىڭ تىلى.
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم،
سەن تۇغان تىل ئارقالى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ، شۇ چاغدىكى دازۇڭتوڭ سايلىمىغا
قاتناشقان. ئۇنىڭ نەنجىڭگە بېرىپ ھۆكۈمەتكە قويغان بىرىنچى تەلىپى:
شىنجاڭدا مىللىي مائارىپنى بەرپا قىلىپ، خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى ئوقۇ-
تۇش، نادانلىق، نامراتلىققا خاتىمە بېرىشتىن ئىبارەت بولغان. سۇن جۇڭشەن
ئەپەندى باشچىلىقىدىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ تەلەپلەرنى تېزلىك بىلەن ھەل
قىلىپ بېرىش ھەققىدە نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەرگەندىن كېيىن، تاھىر بەگ
باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ۋەكىللىرى شىنجاڭغا خۇشال قايتىپ كەلگەن. لې-
كىن، ئۇزۇنغا بارمايلا جاھانگىرلارنىڭ ۋە فېئودال كۈچلەرنىڭ بېسىمى ئاس-
تىدا، سۇن جۇڭشەن بۇيۇك زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىشكە
مەجبۇر بولىدۇ. پومىشچىك دەللاللار سىنىپىنىڭ ۋەكىلى بولغان يۈەن شى-
كەي ھاكىمىيەتنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالىدۇ. گەرچە، شىنخەي ئىنقىلابى
چىڭ خاندانلىقى ھاكىمىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ ئىككى مىڭ يىللىق فېئودال
مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولسىمۇ، جۇڭگو ئاۋال-
قىدەكلا جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا قېلىۋېرىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بەرگەن ۋەدى-
لىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كۈتكەن ئارزۇ - ئۈمىدلەر يوققا چىققاندىن كې-
يىن، مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋەتەن، مىللەتنى قىزغىن
سۆيىدىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلار، خوراپاتلىققا، نادانلىققا قارشى تۇرغۇچى
مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەكتەپ ئېچىپ، يېڭىلىق ۋە
ئىلىم - ئىرپانغا يۈرۈش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا بىرەر مەكتەپ
ئېچىشقىمۇ بولاتتى، لېكىن شۇ ئېچىلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى
بولغۇدەك بىرەر ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا، چەتئەلدىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ
قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

1913 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى روسىيىگە بېرىپ ئىلغار تاتار زىيالىيلى-

ئەپەندى بۇرۇنقى ھەيدەر ئەپەندى سايرانى ئوقۇتقان مەكتەپنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرغان. گۈلەندەم ئاۋىستەي ئايرىم بىر ئېغىزلىق ئۆي تەييارلاپ قىزلارنى ئوقۇتقان. ئوقۇتۇش سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا باشقا جايلارغا بېرىپ تايانچ ئوقۇتقۇچىلاردىن بولغان. تاتارلار ئۆتمۈشتە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «ئاۋىستەي» دەپ ئاتايدۇ. ئايال ئوقۇتقۇچى گۈلەندەممۇ شۇ ئاساستا «ئاۋىستەي» نامىنى ئالغان. ئۇنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلىرىمۇ كېيىن، ئوقۇتقۇچى بولغاندا، «ئاۋىستەي» دەپ ئاتالدى. مەسىلەن، ئايشەم ئاۋىستەي، پاتىمە ئاۋىستەي ۋە باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن تۇرپان ناھىيىسىدە تاكى ھازىرغىچە ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى «ئاۋىستەي» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. مۇھىبۇل-لا ئەپەندى 1921 - يىلى كېسەل بولۇپ تۇرپان ئاستانىدا ۋاپات بولىدۇ. ئىككى ياشلىق ئوغلى ۋە قىزى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەي تۇل قالىدۇ.

ھەيدەر ئەپەندى سايرانى ۋە مۇھىبۇللا ئەپەندىلەر ئوقۇتقان ئابدۇرروسول ئابدۇلقەييۇمى، ئابباس ئەپەندى نەجمى، مۆمىن ئەپەندى، داۋامەت ئەپەندى، ئابدۇللا پەرسايۇق، قۇربان سەئىدى قاتارلىق ئون نەچچە كىشى 7 يىل ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرىدۇ. بۇ مەكتەپ داۋاملىق ئېچىلىپ، ئوغۇللارنى ئابدۇرروسول ئابدۇلقەييۇمى، قىزلارنى ئايشەم ئاۋىستەي ئوقۇتىدۇ. قالغانلار باشقا جايلارغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. گۈلەندەم ئاۋىستەي 1925 - يىلى چۆچەككە قايتىپ كېتىپ مەكتەپ ئېچىپ، قىزلارنى ئوقۇتقان. تاكى 1955 - يىللىرى-غىچە چۆچەكتە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

ھېسامىدىن ئەپەندى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، چۆچەككە بېرىپ، شۇ جايدىكى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلەپ، 1955 - يىلى سوۋېتكە قايتىپ كەتكەن. ئەلى ئىبراھىم تاكى 1975 - يىلغىچە شىن-جاڭدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن 50 نەچچە يىل شۇغۇللىنىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئۇندىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك شېئىرلارمۇ ئوقۇلاتتى:

سۇسىز چۆللەردە،
تاشلىق قۇملۇقتا،
سۇ تاپالماستىن،
يۈرۈپتىمىز بىز.

قاراڭغۇ تۈندە،
چىققان بوراندا،
كۆز ئاچالماستىن،
يۈرۈپتىمىز بىز.

كېيىنچە، بۇ مەكتەپكە «مەكتەبى مەقسۇدىيە» دېگەن نام بېرىلدى. بارا - بارا بۇ مەكتەپ تەلەپنى قاندۇرالمىدى.

1917 - يىلى روسىيىدە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولۇپ، سوتسىيالىستىك ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندا، مەخسۇت مۇھىتى تېخىمۇ زور غەيرەتكە كېلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن يەنە موسكۋاغا سەپەر قىلىدۇ. مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۈزۈلەندەم ئاۋىستەي، ئەلى ئىبراھىم، ھېسامىدىن ئەپەندى قاتارلىق 6 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ، مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەينى تۇرپان ئاستانىغا، ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، ھىسامىدىن ئەپەندىنى گۇچۇڭغا، قالغان ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ بىرسىنى ئۈرۈمچىگە، بىرسىنى چۆچەككە ئەۋەتكەن. ئۇلار بارغان ئورۇنلىرىدا مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتقان. يۇقىرىدىكى 6 نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ شىنجاڭغا كېلىش راسخوتى ۋە باشقا نەرسىلىرىنى مەخسۇت مۇھىتى ئۆزى تولۇق بەرگەندىن تاشقىرى شىنجاڭغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ، مۇقىم مائاش بەلگىلەپ، ئايمۇ - ئاي تولۇق تەمىنلەپ تۇرغان. مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئاۋىستەي تۇرپان ئاستانىغا بارغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى ئۆز قوراسىدىن ئۆي بېرىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھ توينى قىلغان. مۇھىببۇللا

تەدرىجىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش-نىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئەكسىيەتچى، فېئودال، مۇستەبىت ھاكىمىيەت ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلىپ، ئىلىم - ئىرپانغا يۈرۈش قىلىش يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاش لازىملىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن بىر يول قولغا قورال ئېلىپ مۇستەبىت، خۇراپات ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

1931 - يىلى قۇمۇلدا، خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا زۇلۇمغا، ئەكسى-يەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى دېھقانلارنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. مەخ-سۇت مۇھىتى قوراللىق قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، قۇمۇلدىكى قوزغىلاڭغا قاتنىشىش قارارىغا كېلى-دۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى فېۋرالدا موسكۋادىن ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ئۆزى-نىڭ سەپداشلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھەيدەر ئەپەندى سايرانى، بۇرھان شەھىدى، تاھىر بەگ، يۇنۇس بەگ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قايتا - قايتا مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن، قۇمۇلغا بېرىپ قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھ-ۋالىنى بىلىش بىلەن بۇ قوزغىلاڭنى پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپانغا بېرىپ تولۇق تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، يۇسۇپ موڭغۇل، رەجەپ دەخەن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قۇمۇلغا بېرىپ خوجىنىياز ھاجى باشلىق قوزغىلاڭچىلار بىلەن تاغدا ئۇچرى-شىدۇ. بىر قانچە كۈنلۈك تولۇق كېڭىشىشتىن كېيىن، قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭىنى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىن-جاڭ دائىرىسىگە كېڭەيتىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوزغىلاڭ-نىڭ دەسلەپكى قەدەمدىكى تەشكىلىي رەھبەرلىكى تىكلىنىپ، خوجىنىياز ھاجى باش قوماندان، مەخسۇت مۇھىتى سىياسىي ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتى قۇمۇلدىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، قوزغى-لاڭنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ. تۇرپانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،

تۇرپان ئاستانىدىكى «مەقسۇدىيە مەكتىپى» جەمئىيەتكە كۆپلەپ مۇنەۋ-
ۋەر زىيالىيلارنى تەربىيىلەپ بەردى. كېيىنچە بۇ مەكتەپنى كېڭەيتىپ كارىز-
دىمۇ بىر سىنىپلىق مەكتەپ ئېچىپ، دېھقانلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتقان. 12
- ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنلا، بۇ مەكتەپلەر «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش
ئۇيۇشمىسى» قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

بۇ مەكتەپ يەنە جەمئىيەتكە كۆپلىگەن تايانچ كادىرلارنى تەربىيىلەپ
بەردى. تۇرپان ئاستانە ئەسلىدە بىر يېزا. لېكىن بۇ يەردىن چىققان زىيالىيلار
مەيلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بولسۇن، مەيلى ئازادلىقتىن كېيىن
بولسۇن ئۈرۈمچى، تۇرپان، ھەتتا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، ھۆكۈ-
مەت ئورۇنلىرىدا، مەدەنىي - مائارىپ ئورۇنلىرىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز
ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىدى. ئاپرېل
ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرائاسىيا ئۇنىۋېرسى-
تېتى ۋە تاشكەنتتىكى ھەربىي شۆيۈەنگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلار 18
دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەقسۇدىيە مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى
بولۇپ تۇرپان، ئاستانىدىن ئەۋەتىلگەنلەر ئىدى.

مەخسۇت مۇھىتى ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، خەلق سۆيەر بىر مائا-
رىپچى ئىدى.

## 2. قۇمۇل، تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىش

ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مەخسۇت مۇھىتى
سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بىر نەچچە قېتىم بارغان. ئاخىرىدا، 1929 - يىلى
موسكۋاغا بېرىپ، 1931- يىلى فېۋرالغىچە تۇرغان. بۇ جەرياندا، نۇرغۇن
زىيالىيلار بىلەن ھەتتا ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنت، قازاقىستاننىڭ
مەركىزى ئالمۇتالاردا نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمەت ئەرباپلىرى ۋە مەشھۇر ئادەملەر
بىلەن ئۇچراشقان ھەم سۆھبەتلەشكەن. بۇ سۆھبەت ۋە ساياھەتلەر جەرياندا،
ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ئىدىيىسىدە

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئىنقىلاب تۇرپاندا قوزغالغاندىن كېيىن، مەخ-سۇت مۇھىتى ئۆز ئاكىسى مۇسۇل ھاجى مۇھىتىنى دۇڭخۇاڭ ئارقىلىق نەنجىڭگە ياردەم سوراپ ئەۋەتىدۇ. بۇ ئادەم لەنجۇغا يېتىپ بارغاندا، ماجوڭ-يىڭغا ئۇچراپ ئۆزىنىڭ نەنجىڭگە بېرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتىدۇ. ماجوڭ-يىڭ: «مېنىڭ دىۋىزىيەم 36 ـ دىۋىزىيە، مەن ئەسكەرلىرىمنى شىنجاڭغا باشلاپ چىقىپ سىلەرگە ياردەم بېرىمەن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇل ھاجى نەنجىڭگە بارماي يولىنى قىسقارتىپ، ماجوڭيىڭنى باشلاپ، شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى ئاكىسى مۇسۇل ھاجى مۇھىتى نەنجىڭگە ماڭغاندا، ئۆزى يۈزدىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ، قۇمۇلغا بېرىپ، خوجىنىياز ھاجى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى باشلاپ پىچانغا كېلىدۇ. بۇ يەردە شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ۋە ئاق ئورۇس ئەسكەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قاتتىق جەڭ بولىدۇ. ئاخىرى قوزغىلاڭچىلار ھەر جەھەتتىن ئاجىزلىق قىلىپ لۈكچۈنگە چېكىنىدۇ. ئاق ئورۇسلار لۈكچۈنگە قوغلاپ كېلىپ، ئۇلارنى لۈكچۈن شەھەر ئىچىگە قامىۋالىدۇ. بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئوق ـ دورىلىرى ئاز قالىدۇ. روس ئەسكەرلىرى شەھەر سىرتىدىن قاپساپ كېلىدۇ. ئۇلار ئاخىرى شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى شەھەردىن چىقىپ 10 مېتىردەك يەرگە بارغاندا، ئوق تېگىپ شۇ يەردە قۇربان بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ جەسىتىنى لۈكچۈن شەھىرىنىڭ سىرتىدىن، بېشىنى تۇرپان شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن تېپىپ كېلىپ ئاستانىدا دەپنە قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى قۇربان بولغاندا 47 ياش ئىدى. شۇندىن كېيىن، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئىنىسى مەخموت مۇھىتى رەھبەرلىك قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى دائىم يېتىم ـ يېسىر، تۇل خوتۇنلار-غا، كەمبەغەل، غېرىپ ـ غۇرۋالارغا غەمخورلۇق قىلاتتى. قايسى بىرسىنىڭ ئائىلىسىدە ئاشلىق يېتىشمىسە ئاشلىق بېرەتتى. خەلقنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلە-رىگە ھەمدەم بولاتتى. مەخسۇت مۇھىتى بىر نۆۋەت چەتئەلدىن قايتىشىدا

يۇسۇپ موڭغۇل قاتارلىق بىر قانچە ئادەم داۋاملىق تۇرپان، مۇقۇل ئارىلىقىدا مەخپىي قاتناپ ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ.

1932 - يىلى ماشىمىڭنىڭ پىچانغا كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاستانىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر (بۇ ئادەملەر ئىچىدە بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەرمۇ بار ئىدى) شۇ يەردە ئۆزئۆندىن بېرى ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر نەچچە ئۆيلۈك خەنزۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ، بىر نەچچىسىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يۇڭ شىنىىڭنىڭ قوروسىغا بارىدۇ ۋە خەلقلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ. نەق مەيداندا بولغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەخسۇت مۇھىتى ئېگىز سۇپىغا چىقىۋېلىپ، ئەگەر سىلەر قوزغىلاڭ قىلساڭلار بىزگە زۇلۇم سېلىۋاتقان ئىستىبدات ھۆكۈمەتكە قارشى قوزغىلىڭلار. قولىڭدا قورالى بولمىغان پۇقرالارغا تەگمەڭلار! دەپ نەسىھەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن تاياق يېگەن 4 نەپەر خەنزۇنى ئاجرىتىۋېلىپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن. مەخسۇت مۇھىتى شۇ قېتىم قۇتقۇزۇپ قالغان 4 نەپەر خەنزۇنى ئوبدان داۋالاپ، جاراھەتلىرى بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن، ھارۋىغا سېلىپ شەھەردىكى تۇغقانلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.

مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تۇرپانلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ھېسامىدىن زۇپەر ۋە گۇچۇڭلۇق مۆمىنجان قاتارلىق كىشىلەر بىلەن قويۇق ئىنقىلابى دوستلۇقى بار ئىدى. بۇ ئادەملەر مەخسۇت مۇھىتىدىن ياش جەھەتتە بىر قانچە ياش، ھەتتا ئون نەچچە ياش كىچىك بولسىمۇ بۇلارنى ئىنقىلابى دوستلۇق مەھكەم باغلىغان ئىدى. بۇ ئادەملەر 1932 - يىلىنىڭ ئاخىرى، 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن قۇربان بولدى. ئىنقىلاب ئىشلىرىنى تولاراق مۇشۇ ئادەملەر بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىسىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىغا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور.

تىبابەت دورىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما، كەسپكە ماھىر چوڭراق تىۋىپلار، چوڭراق دورا دۇكانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما، تۇرپان يېڭى شەھەردە بۇڭ شىڭسىلىڭ، كونا شەھەردە بىر قانچە كىشىلەرنىڭ كىچىك شەكىلدىكى دورا دۇكانلىرى بار بولسىمۇ خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمالمىغان ئىدى.

1918 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە جىددىي يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا بولغان. تۇرپاندا چوقۇر كېسەللىكى ئەۋج ئېلىپ، چوقۇر بولۇش كۆپىيىپ كەتكەن ۋە ئۆلۈم - يېتىم ئىنتايىن ئېغىر بولغان. ياڭ زېڭشىڭ ھاكىمىيىتى گەرچە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى قوللانغان بولسىمۇ، لېكىن داۋالاش ئۇنۇمى بەرمىگەنلىكتىن، ھەر مىللەت خەلقى زور ئاپەتكە دۇچار بولغان ئىدى. خەلقنىڭ جىددىي تەلىپىگە ئاساسەن، 1919 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىش مەكتىپى قۇرۇلغان. (ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يېقىن جايدا ئىدى) بۇ مەكتەپكە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، بىر نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆلۈپ كېتىپ، 39 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇغان. ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا پىچانلىق خۇيزۇ ۋۇ يۇشەن، تۇرپاندىن ناسىر بەگ (نابەي شاڭ) بۇ ئىككى مىللىي ئوقۇغۇچىدىن باشقىلىرى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار ئىدى. ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا ھەر ئايدا تاماق راسخوتى ئۈچۈن 6 سەر ئۆلكە پۇلى، تۇرمۇش راسخوتى ئۈچۈن 10 سەردىن پۇل بېرىپ كەلگەن.

جۇڭيى تىببىي مەكتىپىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى داڭدار مۇئەللىملىرى گاۋ جۇنگاۋ (گەنسۇ ئۆلكىسى چىڭنىيەن ناھىيىسىدىن) بولۇپ، بۇلار مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ھەممىسى بېيجىڭ مەتبەسىدە بېسىلغان خەنزۇچە يېزىقتىكى داۋالاش كىتابلىرى ئىدى. مەسىلەن، «يۈرەكنى داۋالاش ئىلمى»، «داۋالاش ھەققىدىكى

مەخسۇس باش تەمرەتكىسىنى داۋالايدىغان دورا ئالغاچ كېلىپ، مەھەللىدىكى 10 نەچچە بالىنىڭ باشلىرىنى كارىز سۈيىدە پاكىزە سوپۇنداپ يۇيۇپ، دورا سۈرۈپ ئۆز قولى بىلەن داۋالاپ سەللىمازا ساقايتقان. بۇ گەرچە ئاددىي بىر ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقىمىزنىڭ نامراتلىقى، نادانلىقى-نى ئۇيلىغاندا، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ نامرات دېھقانلارنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇن-داق مىساللار ناھايىتى كۆپ، بۇنى ھازىرمۇ تۇرپاندىكى بەزى چوڭ ياشلىق كىشىلەر ئوبدان بىلىدۇ.

## 7 - مىللىي تىۋىپ ناسىر بەگ

ناسىر بەگ 1898 - يىلى تۇرپاندا كەمبەغەل ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەرگە ئىشتىياقى بار ئاتىسى ئوغلى ناسىر بەگنىڭ بىرەر كەسىپ ئەھلى بولۇپ چىقىشىنى ئويلاپ، ئالدى بىلەن ياغاچ-چىلىقنى ئۆگەتكەن. ئاتىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ياغاچچىلىقنى ياخشى ئۆگە-نىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ناسىر بەگنىڭ قەلبىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش بولۇپمۇ چەتئەل تىلى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلغان. ئەڭ ئالدى بىلەن دىنىي باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، شۆتاڭدا ئوقۇشنى ئۈمىد قىلغان. ئۇ ئارزۇسى بويىچە تۇرپاندا ئېچىلغان شۆتاڭدا يۇنۇس بەگ (يۇۋنىبىڭ)، ناسىر بەگ (نابەي شياڭ)، مەمتېلى ھاجى (ئەي تىرىن) بىلەن خەنزۇچە ئوقۇغان. خەنزۇچە يېزىق ۋە سۆزلەرنى مۇكەممەل ئۆگەنگەن-دىن كېيىن، 1919- يىلى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان جۇڭيى تىببىي مەكتىپىنىڭ تىبابەتچىلىك سىنىپىدا ئوقۇغان. 1884 - يىلى (چىڭ خاندانلىقىنىڭ گۇاڭ-شۈي 10 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىخۇا (ئۈرۈم-چى) ئۆلكىنىڭ شەھەر مەركىزىگە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى، تۇرپان. . قاتارلىق جايلارنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىگە ئەگىشىپ، شەھەر نوپۇسى كۆپىيىشكە باشلىغان. شەھەر ۋە يېزا خەلقلىرى ئەزەلدىن بار بولغان قىسمەن

كىتابتا تىبابەتنىڭ ھەممە ساھەلىرى يېزىلغان بولۇپ، شاگىرتلىرى ئەمەلىي ئىشلەتكەن. ھازىرمۇ بۇ كىتابنىڭ بەزى نەمۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەتكەنلەر بار. دوختۇر ئابدۇللا قابىزىنىڭ تەجرىبىسى مۇشۇ كىتابنىڭ ئاساسى ئىدى. ئەپسۇسكى، ناسىر بەگنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تىبابەتچىلىك ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى زامانىمىزغا ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىگەن. قول يازمىسى بەزى ھەردەكەتلەر تۈپەيلىدىن يوقۇلۇپ كەتكەن. ناسىر بەگ 5 مىللەت تىلىنى ۋە يېزىقىنى بىلەتتى. چەتئەللىك مېھمانلار تۇرپانغا كەلسە (ھازىرقى لۈچىڭ سىرتىدىكى مائارىپ باشقارمىسىنىڭ يېنىدا) ئەجنەبىيلەرگە تەرجىمانلىق قىلاتتى ۋە شۇ مېھمانلارنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى.

ئۇ 1937 - يىلى كۇچارغا ھاكىم بولۇپ تۇرغاندا، ماخۇسەننىڭ باندىت ئەسكەرلىرى، «سەن كۇچاردىكى بارلىق خەنزۇلارنى بىر يەرگە جەم قىل. خەلقتىن ئالۋاڭ - ياساقنى ئېلىپ توپلاپ تۇرغىن» دەپ ئادەم ئەۋەتكەندە، ناسىر بەگ بىلەن شەنبەي ھاجى (خۇيزۇ) بۇ ئىشقا قوشۇلمىغاندا، باندىتلار كېلىپ قەتلى قىلىۋەتكەن. (ناسىر بەگنىڭ قەۋرىسى ھازىر كۇچار شامال باغرىدا بار). ناسىر بەگ قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا لىن جىلۇ (كومپارتىيە ئەزاسى) ھاكىم بولۇپ بارغان. ناسىر بەگ خەلقنى سۆيەتتى، خەلقنىڭ غېمىنى يەيتتى، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى. خەلقنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى. مەرھۇم ناسىر بەگ 1898 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلۇپ، 1937 - يىلى 8 - ئايدا 39 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى، ئىش - ئىزلىرى خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشنايدۇ.

## 8 - دراماتورگ خەمىت ھەكىمى

خەمىت ھەكىمى (خەنزۇچە ئىسمى خامىدا) نىڭ ئاتىسى لۈكچۈنلۈك ئىدى. ئۇ موزدوز ھېكىم ئاخۇننىڭ ئائىلىسىدە، 1906 -يىلى تۇرپان يېڭى شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ زۇلمەتلىك كونا دۇنيانىڭ ئاشۇ يىللىرىدا، 10 نەچچەياشقىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولىدۇ. كېيىن ئۇرۇمچىدە خەنزۇ

ئۇسۇل توپلىمى» ، «ئوت ـ چۆپ بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى» ، «خۇاڭ، دى، مى، چىڭ» قاتارلىق 10 خىلدىن كۆپرەك كىتابنى ئۆگەتكەن. ھەر كۈنى 4 سائەتتىن دەرس ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا ئۆگىنىش قىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرىچە يېشى 20 لەردە بولۇپ ئۈچ يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇستەقىل ھالدا داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىنالايدىغان بولغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تەقسىم قىلىنغان-دا، ناسىر بەگ تۇرپانغا تەقسىم قىلىنغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەن 39 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن جاڭ جىڭگو، لى شىڭجىر، بولۇڭ جالار كەسىپ ئالماشتۇرغان-دىن باشقا، قالغانلارنىڭ ھەممىسى داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللانغان.
ناسىر بەگ تۇرپانغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چېچەك چېكىش بىلەن مەشغۇل بولغان ئىدى. تۇرپاندا كۆپ ئۇچرايدىغان چوقۇر كېسەللىكىنى داۋالاشتا، تەتقىق قىلىشتا ناسىر بەگنىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولغانلىقتىن، تۇرپان خەلقى «ناسىر چېچەكچى» دېگەن شۆھ-رەتلىك نامنى قالدۇرغان. چېچەك سۈيىنى تەييارلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، يەرلىك ئوت چۆپ دورىلارنى تەتقىق قىلىپ تاق ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاش-نى جارىي قىلدۇرغان. سەھىيە تېخنىكىسىنى يۇكسەلدۇرۇپ، تىرىشىپ ئىش-لەپ، تۇرپان خەلقىگە ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. ناسىر بەگنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ساۋاقداشلىرى ليۇ شىگرو، جاڭ جىڭگار، جاڭ شىندا، تەن خىلىن، چىڭ خاۋرەنلار ئازادلىقتىن كېيىن، سەھىيە ئىشلىرى بىلەن شوغۇللانغان. ھازىر پەقەتلا 90 ياشلىق پرافېسسور چىڭ خاۋرەنلا قالغان. باشقىلىرى ئۆلۈپ كەتكەن.

ناسىر بەگ خەنزۇچە، روس، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە يېزىقىنى بىلگەنلىكتىن، ئەينى ۋاقىتتا تىبابەت ھەققىدە ئەسەر يازغان. شاگىرتى مە-نۇربەگكە بىر دانە تىبابەت ھەققىدە يېزىلغان كىتابنى سوۋغا قىلغان. بۇ

ئۇنىڭدا مىللەتنى ئويغىتىش ئارزۇسى بارلىققا كېلىدۇ.

1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، ۋاڭ شۇچىڭ (يۇي شۇسۇڭ)، ۋەن شەنتىڭ (جاڭ يىغەن)، ۋاڭ باۋجيەن (باۋشى)، جىڭ يىجۇن (رىن بويى)، ليۇ شەنچىڭ، لۇەن باۋتىڭ (جى جىڭ)، ۋۇ دېمىڭ (جياڭ جىمىڭ)، يۇي چىڭفا، مەنسۇر (مەشۇر)، ياسىن، قادىر ھاجى، جاۋ يۇنرۇڭ، ليۇ شۇمىڭ، گاۋ شۇيىڭ، ۋاڭ يى، دىڭ يۆگۇي، جاۋ گوگاڭ، جاۋ گويۈەن، لى باۋخۇا، ئەبەي، سىيىت ھاجى، تۇڭ باۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق 25 نەپەر كوممۇنىستنى شىنجاڭغا (ئۈرۈمچىگە) كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ. بۇلار شىڭ شىسەينىڭ خىزمەت تەقسىماتى بويىچە جاي ـ جايلاردا خىزمەت قىلىدۇ. بۇلاردىن 3 كوممۇنىست (ئىسمى ئېنىق ئەمەس) چۆچەكتە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ چاغدا خەمىت ھەكىمى بىلەن بىرگە بولىدۇ. بۇلار سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى نىزامنامىسى قاتارلىقلاردىن بىلىم ئالىدۇ.

1935 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مۇھەممەت ئىبراھىم ئىسىملىك بىر كىشى چۆچەك ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا مەسئۇل بولۇپ چۆچەككە بارىدۇ. بۇ كىشى ھېلىقى ئۈچ نەپەر كوممۇنىست بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. خەمىت ھەكىمى بۇ چاغدا، بۇلار بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1936 ـ يىلى خەمىت ھەكىمى مەزكۇر كوممۇنىستلارنىڭ تەكلىپى بىلەن شىڭ شىسەينىڭ مەخسۇس بۇيرۇقى بويىچە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدەگە كەلگەندە، كوممۇنىست مەنسۇر ئەپەندى باشلىق بىر قانچىلىغان خەنزۇ كوممۇنىستلار قارشى ئالىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىش بىلەن شىنجاڭ گېزىتىدەگە تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا گېزىتخانا باشلىقى كوممۇنىست ۋاڭ باۋچيەن ئىدى. ھەر قايسى بەتلەرنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىرى كوممۇنىستلار ئىدى.

مەكتەپ (شۆتاڭ) دا ئوقۇۋاتقان ئاكىسى ئابدۇلئەزىز ھەكىمى ئۇنى خەنزۇچە ئوقۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ 22. يىللىرى خەنزۇ مەكتىپىگە كىرىپ، ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جىن شۆرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا مەكتەپ پۈتتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا ئاكىسى ئابدۇلئەزىز ھەكىمى چۆچەكتە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەرجىمانى ۋە خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇ خەمىت ھەكىمىنى چۆچەككە چاقىرتىپ «توران» مەكتىپىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. زېرەك ۋە تىرىشچان خەمىت مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ.

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چۆچەكتىكى «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتى ۋە چۆچەك ھاكىمى مەنسۇرغا تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1936 - يىلى شىڭ شىسەي نامىدىن يېزىلغان بۇيرۇق بىلەن ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ - دە، «شىنجاڭ گېزىتى» دە تەرجىمان، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشما» سىنىڭ نەشر ئەپكارى «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» نىڭ تەرجىمانى ۋە تەھرىرى، شىڭ شىسەينىڭ پەلسەپە تەرجىمانى، سىياسىي كۇرسى تەرجىمان بۆلۈم باشلىقى ۋە دەرس تەرجىمانى، كېيىن چىن تەنچۇ، ماۋ زېمىن ۋە لىن جىلۇلارنىڭ تەرجىمانى، قوشۇمچە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەش بىلەن مەدەنىي مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان.

كېيىن ئۇ، شىڭ شىسەي يازغان «ھۆكۈمەت ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەر» دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلغان.

ئۇ چۆچەكتە «بىزنىڭ تاۋۇش» گېزىتىدە ئىشلىگەندىن باشلاپ، گېزىت مۇھەررىرى نىياز ئىسھاقى (ئۇيغۇر) بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلغار ئىدىيىۋى سىستېما ماركسىزم- لېنىنىزم تەربىيىسىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ھەر خىل سىياسىي كىتابلارنى ئېلىپ ئوقۇيدۇ. مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ (چۆچەكتە) ئۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سوراپ بىلىدۇ. نەتىجىدە،

ۋەتلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىپ، سېۋىتچىلىكلىك قىلدى.

1937 ـ يىلى «ئانارگۈل» ناملىق دراما يېزىپ سەھنىلەشتۈردى. 1938 ـ يىلى «نەفسى قۇربانى» ناملىق دراما يېزىپ ئويلىنىش ئالدىدا قولغا ئېلىندى.

خەمىت ھەكىمى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن چىققان تالانتلىق تەرجىمان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھالەتكە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىكى باشلامچىلارنىڭ بىرى. شۇنداقلا 30 ـ يىللاردا ماركىسىزم ـ لېنىنىزمدىن ئوزۇق، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىدىن تەربىيە ئالغان، ئۇ مەيلى چۆچەكتە، مەيلى ئۈرۈمچىدە بولمىسۇن كوممۇنىستلار بىلەن بىللە بولدى، بىللە قولغا ئېلىندى، بىللە ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇ بىزدىن ئايرىلغىنىغا يېرىم ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئۇنىڭ نامى خەلقىمىز قەلبىدە ساقلانماقتا، خەلقىمىز ئۇنى مەڭگۈ ياد ئەتكۈسى.

ئۇندىن باشقا خەممەت ئىشلىگەن «جاھانگىرلىككە قارشى سەپ» ژۇرنىلى (خەممەت مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تەرجىمانى ۋە تەھرىرى) نىڭ مەسئۇللىرى كوممۇنىستلار ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا، يەنئەن كوممۇنىستلىرى چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىنلار كەلگەندە، شۇلار بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ.

1938 - يىلى شىڭ شىسەي ئىنقىلابتىن يۈز ئۆرىگەندە، خەممەت ھەكىممۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنىدۇ.

خەممەت ھاكىمى چۆچەكتە بولغان مەزگىلدىن باشلاپ، ئىلىم - مەرىپەت ۋە سەنئەتكە بېرىلدى. بۇ يولدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. ئۇ «چۆچەك گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نىياز ئىسھاتى ۋە داۋۇت ھاجى، ئەھمەتقان سەيفۇلىن (تاتار) قاتارلىق ئىلغارلارنىڭ سەنئەت كورژىكى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ئارتىس ۋە سازەندە بورادىرى ئابدۇكېرىم رازىيوۋ بىلەن ئالاھىدە ھەمكارلاشتى. سەنئەت تەشكىلىگە قاتناشتى. ئابدۇللا باستى (ھازىر ئالمۇتىدا) يازغان «پارىخور شاڭيو» دراممىسىنى سەھنىلەشتۈرگەندە، ئۆزى يىگىت رولىنى، رەپىقىسى پەرىدە ئېلىيۋا قىز رولىنى ئويناپ تۇنجى دراممىنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئورۇندىدى. مۇھەممەت ئىبراھىم ئۇيۇشما خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باشچىلىقىدا رول ئېلىشتىن باشقا رېژىسسورلۇق قىلىدىغان بولدى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشما ھەيئىتى بولۇش بىلەن سەنئەتكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئابدۇراخمان مۇھىتوۋ، قادىر ھەسەنوۋ، ئابلىمىت مەخسۇتوۋ، قاسىم پەرسايوۋ ۋە ئابدۇگۇل قاتارلىقلار بىلەن بىرگە، ئاياللارنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتا ھەرىكەتلەندۇردى. (ئىلگەرى ئەرلەر ئاياللارچە ياسىنىپ رول ئالاتتى.)

1936 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە ئۈرۈمچى سەھنىسىدە ئوينالغان 15 كە يېقىن دراممىنىڭ رېژىسسورلۇق ۋە بەزى مۇھىم روللارنى ئېلىش ۋەزىپەسىنى ۋە كىنو قويۇلغاندا زېرىكمەي كىنولارنى ئاممىغا چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ئاتاقلىق كىنو ئارتىسى جاۋدەن قاتارلىقلاردىن سەھنە سە-

قىزى تاجىنىساغا ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار بىر بالىلىق بولىدۇ. بالىنىڭ ئىسمى مەخسۇم ئىدى. (مەخسۇم چوڭ بولۇپ، قاراغوجا يېزىسىغا كېلىپ، كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.)

مويىدىن خەلپە غۇلجىدا بىر مەزگىل تۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە دېگەن يېرىدىن كېلىپ غۇلجىدائولتۇراقلىشىپ قالغان شەمسىدىن ھەزرەتنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش بىلەن ئىشان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غۇلجىدا بىر نەچچە ئادەملەر ئۇنىڭغا مۇرت بولىدۇ.

بۇ دەل 1911 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىنكى شىنجاڭدا ئىككى خىل ھاكىمىيەت، يەنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى مانجۇ خانلىقى ھۆكۈمىتى شەكىللىنىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

مويىدىن خەلپە دىنىي ئۆلىما بولۇپلا قالماستىن، تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ يۇرت كېزىش ئارقىلىق، ھەر قايسى جايلاردىكى ناھەقچىلىك ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ئىستىپدات ھاكىمىيىتىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەر خىل پائالىيەت سورۇنلىرىدا خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزگەن جىنايەتلىرىنى شىكايەت قىلىپ، خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ.

ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مويىدىن خەلپەتنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ قېلىپ، ئۇنى «ئېھتىيات قىلىدىغان ئادەم» قاتارىغا كىرگۈزۈپ، غۇلجا يامۇلىغا قاماپ قويىدۇ.

غۇلجا خەلقى مويىدىن خەلپىنىڭ يامۇلغا سولاپ قويۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش قارارىغا كېلىپ، يامۇلغا غازى شاڭيو باشلىق ھۈسەن باي، ياقۇپ باي، سۇلتان باي قاتارلىق مۆتىۋەر

# ۋاڭلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى

## 1. مويدىن خەلپە يىغىلىقى

مويدىن خەلپە تۇرپان شەھىرىدىكى قارغوجا يېزىسىنىڭ مۇجاڭ مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئانىسى لۈكچۈندىكى غوجامنىياز ئاخۇننىڭ قىزى ئىدى. مويدىن ئەمدىلا ئەقلىگە كەلگەندە، ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئانىسى ئۆز بالىسىنىڭ ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، لۈكچۈندىكى دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تەربىيىلەپ بېرىشكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. دادىسىمۇ ئۆلىما ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، مويدىننى ئەتراپلىق تەربىيىلەيدۇ. لېكىن ئۇ قانائەت ھاسىل قىلماي، دىنىي بىلىم جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تولۇق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاقسۇغا بارىدۇ. مويدىن زېرەك، تىرىشچان بالا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاقسۇدا دىنىي مەدرىستە ئوقۇپ، ئۆزۈنغا بارمايلا دىنىي بىلىم جەھەتتە خەلپەت دەرىجىسىگە يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدە ئىززەت، ئابرويغا ئىگە بولۇپ، جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا مويدىن خەلپەت يۇرت كېزىپ غۇلجىغا بارىدۇ. غۇلجىنىڭ شاڭيوسى غازى (پىچان خاندولۇق) مويدىننىڭ نام شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزلەپ تېپىپ، ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ. ئۇنىڭ تۇرپانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دوست بولۇشۇپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەمدە بولۇپ، ئاتىدارچىلىق قىلىدۇ. غازى شاڭيو مويدىن خەلپىنى ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغۇزغاندىن كېيىن، قەشقەرلىك نەمەت شاڭيونىڭ

مويىدىن خەلپە بۇ جايغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىرادىسىدىن قايتمايدۇ. يەنىلا ئاستانە، قاراغوجا خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا قارشى كۆرەش قىلىشقا تەشكىللەپ يېتەكلەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان پىچان، توقسۇن خەلقىمۇ تەشكىللىنىشكە باشلايدۇ. بۇ چاغدا مويىدىن خەلپە ئۆزىنىڭ يېقىن سەبدىشى تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇل خەلقىنى باشلاپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، غەلىبىگە ئېرىشىپ كۈچلۈك قوشۇنغا ئايلانغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىشنى پىلانلاپ، مەخپى يوسۇندا ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن سەيپۇل دېھقان ۋە قاراغوجىلىق مەشھۇر چېلىشچى مامۇت زورنى ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىدۇ.

بۇ دەل تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۇستى - ئۇستىلەپ غەلىبىگە ئېرىشىپ، شاھ مەخسۇت پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشقا سالغان باركۆلدىكى مانجۇ خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ باشلىقى يى شىڭخۇ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆشۈتە ئېغىزىدا پۈتۈنلەي تارمار قىلىپ، نۇرغۇن قورال - ياراق، ئوق - دورىلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، شەھەرگە تېگىشنى پىلانلاپ، قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى يېزا قورايغا كەلگەن ۋاقىت ئىدى.

مويىدىن خەلپە ئەۋەتكەن سەيپۇل دېھقان ۋە مامۇت زورلار تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قوراي خەلقى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا يېتىپ بارىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا يېقىندىن بۇيان ئېلىپ بارغان جەڭ ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. تۇرپان خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. بولۇپمۇ يېقىن سەبدىشى مويىدىن خەلپىنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار مويىدىن خەلپىنىڭ تۆمۈر خەلپىگە يازغان خېتىنى ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ.

تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى نامىدىن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا يېزىلغان خەتتە تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى

كىشىلەرنى ئەلچىلىككە كىرگۈزىدۇ. ئەلچىلەر نۇرغۇن سوۋغاتلار بىلەن يا-مۇلغا كىرىپ مويىدىن خەلىپىگە كېپىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يامۇل دائىرىلىرى نۇرغۇن سوراقلاردىن كېيىن، قالايمىقان ھەرىكەت قىلماسلىق شەرتى بىلەن مىڭ بىر تەسلىكتە مويىدىن خەلپەتنى ۋەكىللەرگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

مويىدىن خەلپە سوراق جەريانىدا قورقۇش، تەمتىرەش بىر ياقتا تۇر-سۇن، سوراقچىلارنى قىلچە كۆزگە ئىلماي، ئەلچىلەر بىلەن يامۇلدىن چىقىپ كېتىدۇ.

مويىدىن خەلپە يامۇلدىن چىقىپ ئۆز پائالىيىتىنى ھەرگىزمۇ توختىتىپ قويمايدۇ. بەلكى خەلق ئىچىدە تەشۋىق - تەربىيىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس ناھىيىسىگە بېرىپ، قازاق خەلقىنىڭمۇ ئىززەت ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. قازاق ئاخۇنلىرىدىن جاندار ئەلى مۆپتى، شىلى ئەلەم ئاخۇن قاتارلىق ئاخۇنلارنى ئۆزىگە دوست تۇتىدۇ. ئۇلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، قازاقلار ئىچىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئابرويغا ئېرى-شىدۇ.

ئۇ ھەر خىل پائالىيەت سورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىق - تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە قارشى جامائەت پىكرى توپلىغاچقا، ئۇزۇنغا بارماي، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى قول چوماقچىلىرىنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن يەنە تۇتۇپ كېلىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن جاڭ-جۇننىڭ ئايالى ۋە قېيىنئانىسىنىڭ تىلەپ قېلىشى بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلمەي، تۈرمىگە سۈرگۈن قىلىدۇ.

مويىدىن خەلپە تۈرمىدە بىر مۇنچە يامۇل ئەسكەرلىرىنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن پۇت - قولىغا كىشەن سېلىنغان ھالەتتە ئېلىپ كېلىنىدۇ. تۈرمە يامۇلى ئۇنى قاراغۇچىغا ئېلىپ بېرىپ، توختى دورغىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىت. شا مەخسۇت بىلەن لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ نېمە پەرقى بار. تۇرپانلىق قېرىنداشلىرىمىز تېخىمۇ كۈچلىنىپ، لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئەدىپىنى بەرسە، ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىدۇ ھەم تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا 80 تال مىلتىق، 1000 تال ئوق دورىنى ئۆز ئىنىسى شاكىر بىلەن تۇرپاق ئۆز غوجا ئەمەتنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىنى بەلگىلەيدۇ. ئاندىن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا ئەۋەتىلىدىغان خەتنى يازغۇزىدۇ. خەتنىڭ ئاخىرىغا تۆمۈر خەلپىنىڭ «پۇقرالارنىڭ دەريا ـ دەريا ئاققان كۆز ياشلىرىغا تاغۇ ـ تاشلارمۇ ئېرىپ كېتەر ئىدى. ئەمما ۋاڭ ـ غوجىلارنىڭ كۆڭلى قارا تاشلاردىنمۇ قاتتىق ئىكەن. بىز شۇنى بىلىپ قولىمىزغا تىغ ئالدۇق. بىزنى ۋاڭ ـ غوجىلارنىڭ زۇلۇمىدىن كۆز ياشلىرىمىز ئەمەس، قولىمىزدىكى قورال ـ ىمىزلا قۇتقۇزۇپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. سىلەر شۇنداق قىلىپسىلەر، ئىلاھىم ھەممىمىزگە تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت ئاتا قىلسۇن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

تۆمۈر خەلپە شاكىرلارغا خەتنى بېرىپ، تۇرپانلىق مېھمانلارنى مىلتىق، ئوق ـ دورا يۈكلەنگەن ئاتلار بىلەن يولغا سېلىپ قويىدۇ.

مويىدىن خەلپە تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەۋەتكەت ياردىمىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ شانلىق غەلىبىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. ياردەم ئېلىپ كەلگەن شاكىر ۋە تۇرپاق ئۆز غوجا ئەمەتلەرنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يولغا سالىدۇ. شۇنداق قىلىپ قورالغا ئىگە بولغان تۇرپان دېھقانلىرىمۇ 1912 ـ يىلى كۈزدە مويىدىن خەلپە رەھبەرلىكىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا پىچان، توقسۇن دېھقانلىرىمۇ ئاۋاز قوشىدۇ. شاھ مەخسۇت بىلەن لۈكچۈن ۋاڭى پۈتۈن كۈچى بىلەن قومۇل ۋە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئاخىرى ياڭ زېڭشىڭدىن ياردەم سورايدۇ. ياڭ زېڭشىڭ قوزغىلاڭچىلارنى «تازىلاش» ئۈچۈن ھەر قايسى

بىلەن تۇرپان، ئاستانە ۋە قاراغوجىدىكى دېھقانلارنىڭ لۈكچۈن ۋاڭغا قارشى قوزغىلىپ چىققانلىقى، ھازىر بۇ قوزغىلاڭغا توقسۇن، پىچان قاتارلىق جاي-لاردىنمۇ ئادەملەر كېلىپ قوشۇلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان. خەتنىڭ ئاخىرىدا «ئەزىز قېرىنداشلار، سىلەرنىڭ ھىممەت، غەيرىتىڭلارغا بارىكاللا! سىلەر زۇلۇم چەككەن دېھقانلارنىڭ قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەردىڭلار، زالىم ۋاڭلارنىڭ گۇم بولۇشىغا بىزنى ئىشەندۇردىڭلار. بىز ئاخىرىغىچە سىلەرنىڭ ئىزىڭلاردا ماڭىمىز. سىلەر زالىم شاھ مەخسۇتنى يوقاتساڭلار بىزمۇ جەبىرى - زۇلۇمدىن قۇتۇلىمىز. تەڭرى سىلەرگە تېخىمۇ كۆپ نۇسرەت ئاتا قىلغاي» دەپ يېزىلىپ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى نامىدىن مويىدىن خەلپە ئىمزا قويغان ئىدى.

تۆمۈر خەلپە خەتنى كۆرۈپ، ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىدۇ. كۆپچىلىك ئىنتا-يىن خۇشال بولۇشۇپ، تۇرپاندىكى قېرىنداشلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى-دۇ. تۆمۈر خەلپە مويىدىن خەلپىنىڭ ئەھۋالى ۋە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرى توغرىسىدا سەيپۇل دېھقاندىن تەپسىلىي سورايدۇ. ئۇ «ھازىر بىزدە ئون نەچچە تال قارا مىلتىق بىلەن ئۆزىمىز سوقىۋالغان قېلىچ، نەيزە، تۆمۈر ئارا ۋە تاياق - توقماقتىن باشقا ھېچنەرسە يوق، تېخى چوڭراق جەڭمۇ قىلمىدۇق» دەپ ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ھەمراھلىرى بىلەن مەسلىھەت-لىشىپ، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا 30 تال مىلتىق، مىڭ تال ئوق - دورا بەرمەكچى بولىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىدىن بەزىلەر نارازى بولۇپ، : «تۇرپانلىقلارمۇ قۇمۇللۇق ئەرلەرگە ئوخشاش قان كېچىپ يۈرۈپ، قورال - ياراقنى ئۆزلىرى تاپسۇن» دېيىشىدۇ.

تۆمۈر خەلپە دەرھال قوزغىلاڭچىلارغا نەسىھەت قىلىپ، تۇرپانلىق، قۇمۇللۇق دېگىنىڭلار نېمىسى! باي - باينىڭ قاياشى، گاداي - گادايىنىڭ دەپتىكەن، ھەممىمىزنىڭ نىيىتى بىر. ئاق ئىت، كۆك ئىت، ھەممىسى بىر

ئۇلار تەرەپتىن تەيىنلەنگەن يۇرت باشلىقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلاردىن تەتۇر ھېساب ئېلىنىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر زىندانغا تاشلىنىدۇ. دېھقانلار قوزغىلاڭدا بولغان «زىيان» نى تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تۆمۈر خەلپە، مۇيىدىن خەلپىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ، قايتا ھەرىكەتلەنمەكچى بولىدۇ. لېكىن، خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ پىلانى سېزىلىپ قېلىپ، 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېچىسى قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ ئىككىيلەن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارىماي، خەلپىنىڭ جەسىتىنى تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزىسىغا ئېلىپ بېرىپ، داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ۋە مۇيىدىن خەلپىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «يۇرتىغا قايتۇرۇش» باھانىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىن يولغا سېلىنىپ، ئالدىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە يولغا يوشۇرۇپ قويۇلغان ياڭ زېڭشىنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئايغا يېقىن داۋاملاشقان مۇيىدىن خەلپە باشچىلىقىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلۇپ، مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ گەرچە مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تۇرپان خەلقىنىڭ كېيىنكى قوزغىلاڭلىرى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.

## 2 - ئەمەت قوزغىلىڭى

يالقۇنتاغ ئېتىكى تۇرپان - ئۇيغۇر دېھقانلىرى توپلىنىپ ئولتۇراقلاشقان يەر. ئۇ يەردىن چىقىدىغان ئۈزۈم دۇنياغا مەشھۇر.

ئىلگىرى، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارمۇ قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن نام بېرىلگەن جۇنۋاڭ (ۋىلايەت ۋاڭى) نىڭ ھۆ-

ئورۇنلارغا ئەسكەر چىقارغان بولسىمۇ، ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ ئۇرۇشتىن يېڭىلىشتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يۈەن داخۇانىڭ باستۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىغا نىسبەتەن «قورقۇتۇش، يۇمشىتىش» تاكتىكىسىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارغا تەسەللى ئېيتىش مەزمۇنىدا ئېلان چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ھوشۇڭلارنى تېپىڭلار، بولمىسا، ئەدىۋىڭلار بېرىلىدۇ» دەپ ۋەھىمە سالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە ئادەم ئەۋەتىپ، «باج - سېلىق، ئالۋاڭ - ياساق ئازايتىلىدۇ، ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈلىدۇ» دەپ قۇرۇق ۋەدە قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى سۆھبەتكە چاقىرىدۇ. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭغا قۇلاق سالماي، كۆرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ياڭ زېڭشىڭ بۇ ھىيلە - نەيرەڭدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، «ھەربىي كۈچ ئىشلىتىش، ئۆزىگە تارتىش» تىن ئىبارەت مەككارلىق تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى يەنە سۆھبەتكە چاقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرالماي، ئاخىرى دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىنى پارچىلاپ، «بىر - بىرلەپ يوقىتىش» كويىغا چۈشىدۇ. خۇيزۇلاردىن تەركىب تاپقان ھەربىي قىسىمنىڭ يىڭجاڭى لى شوفۇ ۋە فېڭ ھاجى قاتارلىق دىندارلارنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلار تۆمۈر خەلپە ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھاياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە قىلىدۇ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىشىدۇ. ياڭ زېڭشىڭ بىلەن تۆمۈر خەلپە ئوتتۇرىسىدا بىر مۇنچە شەرتلەر بويىچە كېلىشىم تۈزۈلۈپ، تۆمۈر خەلپە ئىندەككە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدۇ.

ياڭ زېڭشىڭ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى خىلمۇ - خىل ئۇسۇللار بىلەن ئالداپ، قولغا كەلتۈرۈپ، مويىدىن خەلپە يىڭجاڭلىقىدا بىر يىڭ قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇنىمۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ چىقىدۇ. ياڭ زېڭشىڭ بۇ ئويۇنىنى ئويناپ بولۇپ، ئەمدى قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش سۇيىقەستىنى پىلانلايدۇ.

تۆمۈر خەلپە، مويىدىن خەلپىلەر ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن،

تاقاق سېلىپ، ئۇشۇقىدىن باغلاپ قويۇلاتتى. جازا قوراللىرىنىڭ تۈرىمۇ ناھايىتى جىق ئىدى. شۇ يىللىرى كىشىلەر لۈكچۈن ۋە تۇرپان كوچىلىرىدا بويىنىغا سېلىنغان 80 جىڭلىق تۆمۈر كالتەكنىڭ بىر ئۇچىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، قەلەندەرلىك قىلىپ يۈرگەن كىشىلەرنى دائىم ئۇچرىتىپ تۇراتتى؛ قوۋۇق بىلەن يۈرۈپ قەلەندەرلىك قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇراتتى. بۇ كىشىلەر لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى تەرىپىدىن جازالانغان «گۇناھكار» لار ئىدى.

ئۇيغۇرلاردا «سۇ دېگەن دېھقاننىڭ قېنى، يەر دېگەن دېھقاننىڭ جېنى» دېگەن تەمسىل بار. تۇرپان ۋە پىچاندا دېھقانلارنىڭ قېنى ۋە جېنى فېئودال جۇنۋاڭ ۋە پومېشچىكلارنىڭ قولىدا ئىدى؛ دېھقانلار تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئۆلارنىڭ دەھشەتلىك جازا زۇلمىغا چىداشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئىمىن جۇنۋاڭدىن باشقا، بۇ ئەتراپتىكى پومېشچىكلارمۇ دېھقانلارنى ئوخشاشلا دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى. چوڭ پومېشچىك ما تىڭشياڭ (لەقىمى ما شياۋېي) نىڭ ناھايىتى جىق يېرى ۋە كارىزى بولۇپ، ھەر يىلى دېھقانلاردىن نۇرغۇن بايلىق شۇلىۋالاتتى. خورلانغانلارنىڭ ئۇزاققىچە چىداپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. 1912 ـ يىلى كۈزدە قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تۇرپان دېھقانلىرىمۇ تىرىكچىلىك ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن، زۇلۇمغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا تۇرپان ئاستانىلىق مويىدىن رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ ئاددىي بىر دېھقاننىڭ پەرزەنتى بولۇپ، كىچىكىدىن دىنىي تەلىم ئالغاچقا، چوڭ بولغاندا ئاخۇن بولغان. ئۇ كۆپ ھاللاردا مۇشۇ دىنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ، كەمبەغەل خەلققە يار ـ يۆلەك بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پالاندى قىلىنغان. ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىلىغا بارغان. ئۇ يەردىمۇ ئەمەلدارلار بىلەن ئېلىشقان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن بىر يىل ئاۋۋال ئۇ يەنە ئىلى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن

كومرانلىقىدا ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەر تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ، يەر ۋە ئاھالە تۇرپان نازارەتخانىسى بىلەن پىچان ناھىيىسىگە قارايدىغان بولدى. جۇنۋاڭ تۇرپاننىڭ جەنۇبىدىكى لۇكچۇندە يەنە داۋاملىق ۋارىسلىق خوجىلىقىنى قىلىۋەردى. ھۆكۈمرانلىق شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزگۈرۈش بولغان بولسىمۇ، لېكىن جۇنۋاڭنىڭ يەنىلا 10 مىڭ مودىن كۆپرەك يېرى ۋە بىر مۇنچە كارىزى بار ئىدى. بۇنىڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۈستىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە زۇلۇمى يېنىكلىمىگەن ئىدى. شۇ چاغدىكى ئەپيۇنكەش ئىمىن ۋاڭ يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلاتتى. ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كۈنى قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭكىدىن ياخشى ئەمەس ئىدى.

ئىمىن ۋاڭنىڭ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى سۇ سېتىش ئىدى. شۇ يىللىرى كۈنىگە 50 مو يەرنى سۇغىرىشقا بولىدىغان سۇدىن يىلىغا 8000 سەر كۈمۈش كىرىم قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەر ئىجارىسىدىن ئالىدىغان تاپاۋىتىمۇ ناھايىتى زور ئىدى. ئىمىن ۋاڭ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۈستىدىكى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغاندەك تۇرغىنى بىلەن، «ۋاڭلىق سەلتەنىتى» يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا جۇنۋاڭ دەپ مۇئامىلە قىلغاندىن باشقا، يەنە يىڭجاڭ دېگەن ھەربىي ئۇنۋانىنىمۇ بېرىپ، ئۇنى «مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى» نى تۇتۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە قىلغان ئىدى. ئۇ شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز مەيلىچە قولغا ئالالايتتى ۋە جازالايتتى. ئۇ چاغدا لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىدا مەخسۇس «گۇناھكار» لارنى قامايدىغان زىندان بار ئىدى. زىنداننىڭ ئېگىزلىكى 16 چى، كەڭلىكى 12 چى بولۇپ، ئۈستىدە كىچىك بىر تۈڭلۈكى بار ئىدى. «گۇناھكار» لار ئەنە شۇ تۈڭلۈكتىن چۈشۈرۈلەتتى. ئادەتتە زىندانغا تاشلانغانلارنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىناتتى. «گۇناھ» سى ئېغىرلىرىنىڭ بويىنىغا

قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن كۈنى ئۇلار ئەھۋال تىڭ - تىڭلاپ كەلگەن مامۇتنى تۇتىۋالىدۇ. مامۇت تۇرپان ناھىيىسىنىڭ جىساسى (جىسا - شۇ يىللىرى قولىنىلغان بىر خىل ئەمەل بولۇپ، ئۇ ناھىيىنىڭ ئامبىلىغا ياردەملىشىپ يەرلىك مەمۇرىي ئىشلارنى بېجىرەتتى. «خەلقنىڭ رايىنى تەكشۈرۈش» بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەلقنى قولغا ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى) بولۇپ، ئادەتتە ھوقۇقىغا تايىنىپ خەلقنى بوزەك قىلاتتى. بۇ قېتىم ئۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن قىزىل سىگىرغا، يالقۇنتاغقا كەلتۈرۈلۈپ، كاللىسى ئېلىنىدۇ.

شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا قاتناشقان كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: «قىزىل سىگىر گىياھ ئۈنمەيدىغان بىر يەر ئىدى. قوزغىلاڭچى قوشۇن ئۆزىنى دالدىغا ئالالمىدى. تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يۇجىسى سۇن شاۋشياڭ بىلەن ئۈلكىدىن ئەۋەتىلگەن فىڭ يىگجاڭ قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ كەلدى، قوزغىلاڭچى قوشۇن بىر نەچچە قېتىم جەڭ قىلدى. گەرچە بىر مۇنچە ئەكسىيەتچى ھەربىي ئەمەلدارلار بىلەن ئەسكەر يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەننىڭ بىر قېتىملىق ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدا، شاكىر ۋە نەچچە ئۆنلىغان دېھقان ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. شاكىر ئۇزاق ئۆتمەي تۇرپان شەھەر ئىچىدە قۇربان بولۇپ كەتتى.

ئەمەت قوزغىلاڭچى قوشۇننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قىزىل سىگىردىن ئايرىلىپ، جىمسار، گۇچۇڭ، پىچان قاتارلىق ناھىيىلەردىكى تاغ ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇلار بەك جاپا چېكىدۇ. بەزىدە نەچچە كۈنلەپ ئاچ قالىدۇ. ئەمەت، ئىمىن، سىيىتنى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆز - ئارا ياردەملىشىپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىش ئۈچۈن قومۇلغا ئەۋەتىدۇ. لېكىن ياۋلەن قاتارلىق كىشىلەر قومۇلدا خائىننىڭ ساتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، 1914 - يىلى 5 - ئايدا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، قۇربان بولۇپ كېتىدۇ.

ياڭ زېڭشىڭ ئەمەتنى ئىچكى بالايى - ئاپەت دەپ ھېسابلاپ، تۇرپان

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق نازارەتتە باشقۇرۇشى ئۈچۈن ئاستانىغا ئەكىلىپ قويۇلغان.

مويىدىن ئاستانىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىن، سىڭگىم قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. 1912 - يىلى 11 - ئايدا تۆرپان بىلەن قۇمۇلدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن ئالاقە ئورناتقان. لېكىن ئۇلارنىڭ يولباشچىلىرى ياڭ زېڭشىڭ-نىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن. مويىدىنمۇ بىر قىسىم سەبداشلىرىنى ئە-گەشتۈرۈپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تۇتۇقبەگ مەھكىمىسى تەيىنلىگەن يىڭجىياڭ-لىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. كېيىن، تۆمۈر خەلپە بىلەن بىر كۈندە قەتلى قىلىنغان.

بۇ ئىككىيلەن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمەتنىڭ زىيانكەش-لىكىگە قارىماي، ئۇلارنىڭ جەسىدىنى كېپەنگە ئالغان. مويىدىننىڭ جەسىتىنى بولسا، يۇرتىغا ئاپىرىپ، دەپنە قىلغان. يۇرتداشلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى يولىدا جېنىنى قۇربان قىلغان بۇ كىشى ئۈچۈن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈز-گەن ۋە قەبرىسىگە گۈمبەز سالغان. ھەر كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ يەرگە كېلىپ، خەتمە قۇرئان قىلىپ تۇرغان.

مويىدىننىڭ ئاستانىلىق سەبدىشى، كەمبەغەل دېھقان ئەمەت دەل شۇ چاغدا تۈرمىدىن قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ قەبرە ئالدىدا خەلقنى يەنە زوراۋانلىققا قارشى قوزغىلىشقا، مويىدىن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا چاقىرىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىر، قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى ئىمىن، سە-يىت قاتارلىق كىشىلەرمۇ تۇرپانغا كېلىپ، ئەمەتنىڭ قابىل ياردەمچىلىرىدىن بولىدۇ. 1914 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بوزەك بولۇشقا تەن بەرمەيدىغان ئاما ئەمەت باشچىلىقىدا مويىدىننىڭ قەبرىسى ئالدىدا قەسەم قىلىپ، قورال-لىق قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرى ئاساسەن تۆمۈر خەلپە ھايات ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بەرگەن قوراللار ئىدى.

قىسمى ياقا - يۇرتلارغا قېچىپ كەتكەنىنىڭ سىرتىدا (بۇلاردىن بەزىلىرى 1931- يىلى يەنە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ۋە جىن شۇرىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلەرگە قاتنىشىدۇ) قالغانلىرى ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي قېرىنداشلىرىنى ئازات قىلىش يولىدا ئاخىرقى بىر تامچە قېنى قالغۇچە ئېلىشىدۇ.

---

ئىزاھات:

① «جۇڭگارلارنى تېنجىتىش تەدبىرلىرى» 23 - جىلد 17 - بەت

② «تەزكىرەئىي خوجىكان» غا قارالسۇن.

③ «جۇڭگارلارنى تېنجىتىش تەدبىرلىرى» ئالدىنقى قىسىم 23 - جىلد.

④ «تارىخىي ھەمدىيە» گە قارالسۇن.

⑤ چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى 12 - ئاي (كۇيىۋېي) «قارا دۋان ۋەزىرىگە چۈشۈرۈلگەن يارلىق.»

⑥ «جۇڭگارلارنى تېنجىتىش تەدبىرلىرى» رەسمىي نۇسخا 30 - جىلد.

⑦ (چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ جۈن «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» 3 - جىلد.

⑧ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم» 3 - جىلد.

⑨ (چىڭ سۇلالىسى) سۇڭ جۈن «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» 3 - جىلد.

(10) (چىڭ سۇلالىسى) خې يىڭ «ئۈچ ئايماق ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» 3 - جىلد.

(11) «مۇسۇلمانلار يۇرتىغا ئائىت قائىدە - نىزاملار» 5 - جىلد.

(12) «ئۇيغۇرلار يۇرتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ۋە «بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» دېگەن كىتابلارغا قارالسۇن.

(13) چى يۈشى «بېقىندى قەبىلىلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» 15 - جىلد.

(14) جاۋ يى «خانلىق سۇلالىسى زەپەرنامىسى» 3 - جىلد.

(15)، (17)، (18)، (20)، (21) «جۇڭگارلارنى تېنجىتىش ئومۇمىي پىلانى» 1- بۆلۈم 7 -، 9 -، 15 -، 22 -، 33 - جىلدلار.

(16)، (19)، (22) «ئۇيغۇرلار يۇرتى توغرىلىق ئومۇمىي بايان» 4 -، 11 - جىلدلار.

(23) (ياپونىيە) زۇكوتو «چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى تۇرپان»، «مىللىي تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» جۇ فېڭ تەرجىمىسى، 1987 - يىلى 4 - سان.

(24) «سۇجۇنى قايتا قۇرۇش يىغى تەزكىرىسى» گە قارالسۇن.

(25) جۇڭ گۇاڭشىن يازغان «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 2 - جىلد.

(26)، (28)، (29)، (31) «1 - ئارخىپ سارىيى (ھەربىي مەخپىيەتلىكلەر توپلىمى)» مىللىي تۇر 1505 -، 1057 - جىلدلار.

(27) «چىڭ گاۋزۇڭ دەۋرىدىكى ئىشلار خاتىرىسى» 634 - جىلد.

ئامبىلى جاڭ خۇالىڭ بىلەن يۈجى شياۋ شياڭغا ئەمەتنى تۇتۇشنى بۇيرۇيدۇ ھەمدە جاڭ خۇالىڭغا «مويدىنىنىڭ قەبرىسىگە گۈمبەز - مازار ياسالغان بولسا، كىشىلەرنى جەلب قىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى دەرھال بۇزۇپ تاشلاڭلار، قەبرىنىڭ ئېگىزلىكى 3 چىدىن، كەڭلىكى 4 چىدىن، ئۇزۇنلۇقى 6 چىدىن ئاشمىسۇن» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ نامرات خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلغان كىشىلەرنىڭ شۇ يىللىرى خەلق ئىچىدە نەقەدەر زور قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلارمۇ ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە چەك قويغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1914 - يىلى 8 - ئايدا، ئەمەت گۈچۈڭ تەۋەسىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسى ئىچىگە يۆتكىلىدۇ. 1914 - يىلى يازدا، ياڭ زىڭشىڭ، مۇئاۋىن يىڭجاڭ ما فۇخەي، لىيەنجاڭ مىن گوسەي، شى زوفەنلەر ياراملىق ئەسكەرلەرنى پۇقراچە ياسىنىپ، تەڭرىتېغىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ ئەمەتنى ئىزدەشكە ئەۋەتىدۇ. 8 - ئايدا ئۇلار ئەمەتلەر بىلەن تاغنىڭ ئويمان بىر يېرىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئەمەتنىڭ سادىق سەبدىشى ئابدۇل بىلەن ئابدۇللا قۇربان بولۇپ كېتىدۇ. قىش چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمەت باشلىغان قوزغىلاڭچى قوشۇن تۇرمۇشتا تېخىمۇ قاتتىق قىينىلىدۇ. تۇراقسىز ئۇنسۇر تاجى بىلەن سىيىت ئۇزۇقلۇق ئىزدەپ چىققان يېرىدە ما فۇخەينىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ئىككىسى ئۆلۈم ۋەھىمىسى ۋە پۇلنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئالدىدا، قوزغىلاڭچى قوشۇندىن يۈز ئۆرۈپ، تاغقا قايتىپ بېرىپ، ئەمەتنى ئۆلتۈرۈشكە ماقۇل بولىدۇ.

1914 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئەمەت گۈچۈڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق تاغ ئېغىزىدا تاجى بىلەن سىيىت تەرىپىدىن تويۇقسىز ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. خائىنلار تېخى بۇ قەھرىماننىڭ كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، «خىزمەت كۆرسەتكەن» لىكىنى بىلدۈرۈپ، ما فۇخەيگە تاپشۇرىدۇ.

ئەمەت قۇربان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، قالغان قوزغىلاڭچىلاردىن بىر

(32) «شەن زۇڭنىڭ ھەقىقىي خاتىرىلىرى» 307 ـ جىلد، داۋگۇاڭ 18 ـ يىلى 3.
ئاي (جازى ماددىسى)
(33) ياڭ زېڭشىڭ «سەۋەنلىكتىن ساۋاق»

پايدىلانغان ماتېرىياللار

سۇبىخەي، خۇاڭ جەنخۇا «قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭلىرى تارىخى» 1993 ـ يىل 1 ـ
نەشرى.
زۇكوتو «غەربىي يۇرت مىللەتلەر تەتقىقاتى»
خۇاڭ جيەنخۇا «ئىمىن خوجىدىن كېيىنكى تۇرپان ۋاڭلىرى»
بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭنىڭ 50 ـ يىلى» مىللەتلەر نەشرىياتى.
«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
«شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى
«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى.

# تۇرپان ۋاڭلىرى

ئاپتورى: مۇھەممەت ئىمىن

*　　*

تۇرپان ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېسى: تۇرپان شەھەر بوستان يولى
پوچتا نومۇرى: 8380000　　تېلېفون: 8520040
تۇرپان گېزىتى ئىدارىسى ئېلېكترونلۇق باسما مەركىزىدە تىزىلدى
تۇرپان شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئادرېسى: تۇرپان شەھەر كونا شەھەر يولى
تىراژى: 1 ـ 1000
1997 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بېسىلدى
ش ئۇ ئا ر ئىچكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى رۇخسەت قىلىش كىنىشكە نومۇرى:
(1997 ـ XJ) 447 ـ نومۇرلۇق
باھاسى: 10 يۈەن
(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)